بسم الله الرحمن الرحيم



مۇھەممەد يۈسۈپ

# بەخت-سائادەتنىڭ 40 رېتسېپى



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# بەخت - سائادەتنىڭ 40 رېتسېپى

مۇھەممەد يۈسۈپ

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

2017 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى / ئىستانبۇل

ئالاقىلىشىش:

0090 - 5324144055

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........ 003
بىرىنچى رىسالە: بەخت ـ سائادەت دېگەن نېمە؟ ........ 007
ئىككىنچى رىسالە: بەخت ـ سائادەت دېگەن نەدە؟ ........ 010
ئۈچىنچى رىسالە: ئىمانىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن ........ 023
تۆتىنچى رىسالە: ئېرىشكەنلىرىڭىزگە شۈكۈر قىلىڭ ........ 029
بەشىنچى رىسالە: قانائەتلىك ياشاڭ ........ 039
ئالتىنچى رىسالە: سەۋرچانلىقنى ئادەت قىلىۋېلىڭ ........ 048
يەتتىنچى رىسالە: قازا ۋە قەدەرگە ئىمانىڭىز كامىل بولسۇن ........ 052
سەككىزىنچى رىسالە: ياخشىلىق قىلىش ئادىتىڭىزگە ئايلانسۇن ........ 057
توققۇزىنچى رىسالە: ھەر قىيىنچىلىقتا ئاسانلىق بارلىقىنى ئۇنۇتماڭ ........ 065
ئونىنچى رىسالە: ھەممىگە ماقۇل دەۋەرمەڭ ........ 070
ئون بىرىنچى رىسالە: شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەڭ ........ 076
ئون ئىككىنچى رىسالە: كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىڭ ........ 083
ئون ئۈچىنچى رىسالە: ئاللاھ تائالاغا توغرا كۆزقاراشتا بولۇڭ ........ 088
ئون تۆتىنچى رىسالە: غورىدىن ھالۋا ياساشنى بىلىۋېلىڭ ........ 093
ئون بەشىنچى رىسالە: ھەر ئىشتا ئۈمىدۋار بولۇڭ ........ 101
ئون ئالتىنچى رىسالە: تەقۋالىق سىزنىڭ كىيىمىڭىز بولسۇن ........ 123
ئون يەتتىنچى رىسالە: تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋېلىڭ ........ 132

ئون سەككىزىنچى رېتسىپ: سەممىي تەنقىدنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ ........ 139
ئون توققۇزىنچى رېتسىپ: دىيانەتلىك ياشاڭ ........ 147
يىگىرمىنچى رېتسىپ: ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ ........ 152
يىگىرمە بىرىنچى رېتسىپ: ئۆزىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭ ........ 156
يىگىرمە ئىككىنچى رېتسىپ: ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەڭ ........ 159
يىگىرمە ئۈچىنچى رېتسىپ: ھەربىر قەلبنى ئۆز ئاچقۇچى بىلەن ئېچىڭ ........ 166
يىگىرمە تۆتىنچى رېتسىپ: ۋەدە قىلسىڭىز چوقۇم ۋاپا قىلىڭ ........ 172
يىگىرمە بەشىنچى رېتسىپ: پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇڭ ........ 174
يىگىرمە ئالتىنچى رېتسىپ: سىز ئۆزىڭىز بولۇڭ ........ 177
يىگىرمە يەتتىنچى رېتسىپ: ھاياتىڭىز ئۈچۈن پىلان تۈزۈڭ ........ 182
يىگىرمە سەككىزىنچى رېتسىپ: قەلبىڭىز ساغلام بولسۇن ........ 190
يىگىرمە توققۇزىنچى رېتسىپ: ھاياتىڭىز ئۆز تەپەككۇرىڭىزنىڭ مەھسۇلىدۇر ........ 197
ئوتتۇزىنچى رېتسىپ: بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ، ئەتىنى كۈتمەڭ ........ 200
ئوتتۇز بىرىنچى رېتسىپ: ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىڭ ........ 206
ئوتتۇز ئىككىنچى رېتسىپ: ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىڭ ........ 221
ئوتتۇز ئۈچىنچى رېتسىپ: بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەڭ ........ 227
ئوتتۇز تۆتىنچى رېتسىپ: تەبەسسۇم قىلىشقا بېخىللىق قىلماڭ ........ 235
ئوتتۇز بەشىنچى رېتسىپ: ۋاقتىڭىزنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ ........ 243
ئوتتۇز ئالتىنچى رېتسىپ: كىتاب سىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلپىتىڭىزگە ئايلانسۇن ........ 256
ئوتتۇز يەتتىنچى رېتسىپ: ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشتىن ھۇزۇر ئېلىڭ ........ 267
ئوتتۇز سەككىزىنچى رېتسىپ: ئۆتمۈشنىڭ ھەسرەتلىرى سىزنى ئازابلىمىسۇن ........ 270
ئوتتۇز توققۇزىنچى رېتسىپ: كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىڭ ........ 276
قىرىقىنچى رېتسىپ: ۋاپادار بولۇڭ ........ 287

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇقەددىمە

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن ۋە شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت - سائادەت تىلەيمەن.

زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي ھايات مەنىۋى ھاياتقا ئۈستۈن قىلىنىۋاتقان، دۇنيالىق ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان، ئىمان ئاجىزلاشقان، ئەخلاق - پەزىلەتلەر سۇسلاشقان، يېڭى - يېڭى كىرىزىسلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. زامانىمىزدىكى ئىنسانلار دۇنيالىقتىن تىلىگەنلىرىگە ۋە ماددىي بايلىققا

ئېرىشكەندىن كېيىن، مەنىۋى جەھەتتىن نامراتلىققا ۋە قاششاقلىققا گىرىپتار بولۇپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتسىز، بەخت سائادەتسىز، بۇرۇختۇم ھاياتتا ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك بىر ھاياتنى ئارزۇ قىلسىمۇ، ئۇنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرىدا تېڭىرقاپ قالماقتا، ھەتتا بەزىلەر بەخت ـ سائادەتلىك، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئېرىششنى ئىنتايىن قىيىن، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ قالغانلىقتىن، ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار بولماقتا.

ئەسلىدە ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى خۇشال قىلىش، بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش ھەرگىز قىيىن ئىش ئەمەس، ھەمدە، بەخت ـ سائادەت دېگەن سىرتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزىمىزدە بار ۋە ئۆزىمىزدىن چىقىرىدىغان نەرسىدۇر.

ئەپسۇسكى، بەخت ـ سائادەتنى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى ناھايىتى ئوڭاي، بەكمۇ ئاددىي تۇرسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ ۋە بۇ قىسقىغىنە ھاياتلىقتا ھەم ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ھاياتىنى جەھەننەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

دائىمىي خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشاش ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇ ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزدىكى جەۋھەرلەرنى قېزىش

ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

پېقىر بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى بۇ ماۋزۇدا جىددىي ئىزدەندىم، ئۆتمۈشلەردىكى ۋە ھازىرقى ئالىملارنىڭ بۇ ماۋزۇدا يازغان ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ ئۆگەندىم. بولۇپمۇ، ھۆججەتۇلئىسلام ئەبۇ ھامىد غەززالىي، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە، ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى، ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي، ھازىرقى ئۆلىمالاردىن دوكتور ئائىز ئەل قەرنىي، دوكتور مۇھەممەد ئەرىفى، ئەللامە سەلمان ئەۋدە قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەنىۋىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بابلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم ۋە كۆپ پايدىلاندىم.

بۇ جەرياندا قولغا كەلتۈرگەن ھاسىلاتلىرىمنى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىمگە يەتكۈزۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە پايدىلىنىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل ئىزدىنىش ۋە قېتىرقىنىپ توپلاش نەتىجىسىدە بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ خەلقىمگە سۇندۇم. بۇ ئەسەرنى «بەخت ـ سائادەتنىڭ 40 رېتسىپى» دەپ ئاتىدىم. بۇ ئەسەردە يۇقىرىدا ئىسىم ـ شەرىپلىرى تىلغا ئېلىنغان ئۆلىمالارنىڭ ۋە بەزى تەجرىبە ئىگىلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپرەك ئورۇن ئالدى.

بۇ ئەسەرنى نۇرغۇنلىغان كەمچىلىكلەردىن ۋە بەزى خاتالىقلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھۆرمەتلىك

ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ سەممىي تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى پايدىلىق ئىلىملەر قاتارىدىن قوبۇل قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ

ھىجرى 1438 ـ يىلى، رەجەب ئايىنىڭ 27 ـ كۈنى

مىلادى2017 ـ يىلى 24 ـ ئاپرىل

جىددە ـ سەئۇدى ئەرەبىستان



# بەخت - سائادەت دېگەن نېمە؟

بەخت ـ سائادەت دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئال پەلسەپىدىكى ئەڭ قەدىمىي كىلاسسىك سوئاللاردىن بىرى بولۇپ، ھازىرغىچە بۇنىڭغا قانائەتلىك جاۋاب تېپىلمىغان. پەيلاسوپلار دەسلەپتە ياشاشنىڭ غايىسى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشتۇر، دەپ قارىغان. ئاندىن ئۇلار شۇ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. ئەپلاتوندىن ئىلگىرىكى يۇنانلىق پەيلاسوپلار بەخت ـ سائادەت دېگەن ئوتتۇراھاللىق ۋە تەن ساقلىقى بولۇپ، ئۇنى ھاسىل قىلىشنىڭ يولى تەركىدۇنيالىقتۇر، دەپ قارىغان. ئون تۆتىنچى ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپلار بەخت ـ سائادەت دېگەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىر ئارمان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتتى يوقتۇر، دەپ قارىغان.

ئون سەككىزىنچي ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپلاردىن ئىمانوۋېل كانت ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەركىن، ئازادە ئادا قىلالىسا، شۇ چاغدىلا ئۇ بەخت ـ سائادەتنى ھېس قىلالايدۇ، دەپ قارىغان. تولستوي: «بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بەخت ـ سائادەت يېنىمىزدا تۇرسىمۇ، خۇددى كۆزىمىزدە تۇرغان كۆز ئەينەكنى

ئىزدىگەنـدەك ئۇنـى ئـىزدەپ يۈرمىـز» دېگـەن ئىكـەن.

ئۆلىمالار بەخت ـ سائادەتنى تۆۋەندىكىدەك تەرىپلەيدۇ:

ـ بەخـت ـ سـائادەت ئىنسـان ئـۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشـتىن ياكى بىـراۋ ئۈچـۈن كىشـىلەرنىڭ قىلىـپ قويغـان ئىشـىدىن ھاسـىل بولىدىغان خۇشـاللىق تۇيغۇسـىدۇر.

ـ بەخــت ـ سـائادەت كۆڭۈلنـى خۇشـال قىلىدىغـان، دىلنـى ئــارام تاپقۇزىدىغــان، يۈرەكنــى ياشــارتىدىغان نەرســىدۇر.

ـ بەخــت ـ سـائادەت ھەممىگــە رازى بولۇشــتۇر، ئــۇ ئىمــان بىلــەن تولغــان قەلبتىــن ئېتىلىــپ چىقىــدۇ.

ـ بەخــت ـ ســائادەت ھــۇزۇر ـ ھــالاۋەت ھېــس قىلىــش ۋە كۆڭــۈل ئازادىلىكىــدۇر.

خۇلاســە قىلغانــدا، بەخــت ـ ســائادەتنى بىــرلا تەرىپكــە قىسـقارتىپ قويغىلـى بولمايـدۇ. چۈنكـى ھەممـە ئادەمنىـڭ بەخـت ـ سـائادەت ھېـس قىلىـش يولـى ئوخشـاش بولمايـدۇ، بەزىلـەر بەخـت ـ سـائادەتنى بايلىقتىــن ئىزدەيدۇ، بەزىلــەر ئۇنـى مەنسـەپ، مەۋقەدىن ئىزدەيـدۇ، يەنـە بەزىلــەر پەرزەنتلەردىــن ئىزدەيــدۇ. لېكىــن ھەقىقىي بەخــت ـ ســائادەت تۇيغۇســى ھېــچ ئۆزگەرمەيــدۇ. ئــۇ بولســىمۇ، ئىنســاننىڭ ئىچكــى دۇنياســىنى ۋايىغــا يەتكــەن رازىمەنلىــك، خۇشــاللىق ۋە مەمنۇنىيــەت بىلــەن قاپلىغــان ھېــس ـ تۇيغــۇدۇر.

پىســخولوگلارنىڭ ۋە ئۆلىمالارنــىڭ ئېيتىشــىچە، خۇشــاللىق دېگەننـى سـىرتتىن ئىمپـورت قىلغىلـى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت كىشـىنىڭ ئىچىدىــن كېلىــدۇ. ئۇنداقتــا، خۇشــاللىقنى مــال ـ دۇنيادىن، ھوقۇق

- مەنسەپتىن ئىزدەۋاتقان ئىنسانلارنى قۇملۇقتىن سۇ ئىزدەۋاتقان كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. خۇشاللىق ئىزدەش كېرەك نەرسە، ئەمما ئۇنى ئۆزىمىزدىن چىقىرىمىز. چۈنكى دىل خۇشلۇقى ۋە دىل ئارامى نىمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. دىل خۇشلۇقى زېھنىڭىزنى تۇراقلاشتۇرۇپ ئىجادىيەتلىرىڭىزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر: «خۇشاللىنىش - ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر تۇرلۇك سەنئەتتۇر» دېيىشىدۇ. خۇشاللىقتا ئېرىشىشنى بىلگەن كىشى بەختلىك تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىدۇر.

# بەخت - سائادەت دېگەن نەدە؟

بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى بولۇپ، مەيلى ساددا پىكىرلىك ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى مۇتەپەككۇر، ئالىم بولسۇن، ھامان بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدا بەخت ـ سائادەت يوقلىقىدىن ئاھ ئۇرسا، گادايلار غېرىبانە كۈلبىلىرىدە بەخت ـ سائادەت ئىزدەپ چوت سوقىدۇ ۋە ئەڭ شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. كېسەپ ئېيتىش كېرەككى، مەنىۋىيىتى ساغلام، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزىگە جاپا ـ مۇشەققەت ئىزدىمەيدۇ، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە رازى بولمايدۇ. بىراق ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، بۇ چوت سوقۇپ ئىزدەۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان بەخت ـ سائادەت زادى قەيەردە؟ ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت زادى نېمىدە؟ ئۇنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟

تارىخلاردا تالايلىغان كىشىلەر بەخت ـ سائادەت ئىزدەپ ياشىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. بىراق ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر بەخت ـ سائادەت ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان جايلاردىن

بەخت ـ سائادەت ئىزدەپ خۇددى باياۋاندىن گۆھەر ئىزدىگەن كىشىدەك ھالسىرىغان، چارچىغان ھالدا قۇرۇق قول قايتىشتى. دەرۋەقە كىشىلەر ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ماددىي مەئىشەتكە چۆككەنسېرى، نەپسى خاھىشقا بېرىلگەنسېرى ئۇلار يېڭى ـ يېڭى كىرىزىسلارغا پېتىپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنداقتا، بەخت ـ سائادەت زادى نەدە؟ ئۇ نېمىدە؟

## بەخت ـ سائادەت مال ـ دۇنيادا ئەمەس

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ماددىي يۈكسەكلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بەخت ـ سائادەتنى مال ـ دۇنيادا دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ ماددىي مەنپەئەتتىن بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن، يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشماقتا. مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بەختتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىر مۇنچە كىشىلەردە تولا ۋاقىتلاردا غەم ـ قايغۇنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، مال ـ دۇنيا ئۇ كىشىگە ئاخىرەتتىلا ئەمەس، دۇنيادىمۇ بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

بىر مۇنچە كىشىلەر باي ـ باياشاتلىق تۇرمۇشنى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش دەپ ھېسابلىشىدۇ. بىراق بىز تۇرمۇش سەۋىيەسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن ئوڭايلاشقان، يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىلچە غەم ـ ئەندىشىسى بولمىغان، تۇرالغۇلىرى، قاتناش ۋاسىتىلىرى ھەتتا



يېزا ئىگىلىككە قەدەر ھەممە ئىشلىرى ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان، زامانىۋىلاشقان، ئومۇمەن باياشاتچىلىققا تولغان ۋە تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە قارايدىغان بولساق، شۇ ئەل پۇقرالىرىدىن نۇرغۇنلىغانلىرى ھەر ۋاقىت تۇرمۇشىنىڭ مەنىسىزلىكىدىن، بىر خىللا تۈرىدىغان بۇرۇختۇم تۇرمۇشتىن، دىلىنىڭ ئارامسىزلىقىدىن قاقشايدۇ. بەختلىك بولۇش ئۈچۈن باشقا يوللارنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. لېكىن يەنىلا ئۆزلىرى بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان شۇ بىر خىل قېلىپتىكى بۇرۇختۇرما تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان تەن ۋە روھتىن پۈتۈلگەن يارالما. ئۇ فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن ئاش ـ تاماققا موھتاج بولغانىدەك، روھىي جەھەتتىن مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج بولىدۇ.

جىسمانىي ئېچىرقاش تەننى زەئىپلەشتۈرۈپ ئىنساننى نورمال جىسمانىي مەشغۇلات ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلسا، مەنىۋى ئېچىرقاش ئىنساننى ساغلام تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ مەھرۇملۇق ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن بىر پاجىئەدۇر. پاجىئە بولغاندىمۇ ھەر قانداق بىر پاجىئەنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئۆز ئىچىدىن تۈگىشىش پاجىئەسىدۇر.

## بەخت ـ سائادەت بالىچاقىدىمۇ ئەمەس

باللار ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەرلەردۇر. ئاللاھ

تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ﴿الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ يەنى ﴿پۇل - مال ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر﴾[1] دەيدۇ. خۇددى ئەجدادلار ئېيتقاندەك «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دۇر. بالىلارسىز تۇرمۇشتا سائادەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىراق بۇنىڭلىق بىلەنلا بەخت- سائادەت بالىلاردا دېيەلمەيمىز. چۈنكى رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادارلىق بىلەن ھەقلىق يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى تۈزكورلارچە قاقشىتىۋاتقان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس.



بالىلار بىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ھەم بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. سىناقلاردىن ھەممىلا ئادەم ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. يەنى ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾ ﴿بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر﴾[2].

## بەخت - سائادەت پەن - تېخنىكىدىمۇ ئەمەس

بىزگە يىراقنى يېقىن، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ بېرىپ، تۇرمۇشىمىزغا ھېسابسىز قولايلىقلارنى بەخش ئەتكەن پەن - تېخنىكىمۇ بىزنى بەختلىك قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ روسسېل «ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە

(1) كەھف سۈرىسى 46 - ئايەت.

(2) 8 - سۈرە ئەنفال 28 - ئايەت




پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى، بىراق ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلالمىدى. بۇ كۈرەشتە پەن ـ تېخنىكا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى» دېگەن ئىكەن.

بەخت ـ سائادەت ئۆزىمىزدە

بەخت ـ سائادەت دېگەن مەنىۋىيەتكە تەئەللۇق ئۇقۇم. شۇڭا ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى بايلىق كانلىرىدىن ياكى ئوردا خەزىنىلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. بەخت ـ سائادەت شۇنداق نەرسىكى، ئىنسان ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھېس قىلىپ تەڭداشسىز لەززەتكە تولىدۇ. ئۇ دىلنىڭ ئارامى، ۋىجداننىڭ راھىتى، كۆڭۈلنىڭ شادلىقىدۇر.

ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىرىنىقىنىڭ ئۇچلىرىغىچە ئازادىلىك ۋە ھوزۇر ھېس قىلىدۇ. بەخت ـ سائادەت سىرتتىن ئىمپورت قىلىنمايدۇ، ئۇ ئىنسان قەلبىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئاتا قىلالمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن كىشىلەر بېشىغا ھەر قانچىلىك بالا ـ قازا، دىشۋارچىلىق كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى مۇشەققەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالسىمۇ، ئۇلار ھاياتلىققا مەردانىلىق بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ.

خۇشاللىقنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. خۇشاللىق سىرتتىكى نەرسىلەردە ئەمەس. نۇرغۇن ئادەملەر خۇشاللىقنى سىرتتىكى نەرسىلەردىن ئىزدەپ «ئەگەر مەن مەلۇم نەرسىگە ئېرىشسەم خۇشال بولاتتىم، ياكى پالانى بىلەن تويى قىلسام خۇشاللىققا ئېرىشەتتىم ۋە ياكى پالانى يەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلسەم خۇشال بولاتتىم» دەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىدە خۇشاللىق يوق.



ئىنسانلار ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدا خۇشاللىق بار دەپ ئويلايدۇ، ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭدا خۇشاللىق يوقلىقىنى بىلىدۇ. بىزدە ئېرىشىش ئىستىكى بولۇشى لازىم. مەسىلەن: تاغقا ياماشقۇچىنى تەسەۋۋۇر قىلايلى، تاغنىڭ ئۈستىدە خۇشاللىق بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ تاغقا چىقىپ

ئۇ جايدا ئولتۇرۇۋالسا بولاتتى. ئەمما ھېچكىم ئولتۇرۇۋالمايدۇ، قايتىپ چۈشىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى بىر ئەر ئايالىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، «مەن سېنى بەختسىز قىلىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سالىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايالى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «سەن مېنى ھەرگىز بەختسىز قىلالمايسەن. چۈنكى مەندىكى بەختنى سەن بەرگەن ئەمەس، ئۇنى ئاللاھ تائالا بەرگەن. ناۋادا سائادەت سەن ماڭا بېرىۋاتقان پۇل ـ مالدا بولسا ئىدى، سەن مېنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلالايتتىڭ، سەن ماڭا ئېلىپ بېرىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكتە بولسا ئىدى، سەن ئۇنى توختىتىپ قويالايتتىڭ، لېكىن سائادەت يا سېنىڭ ياكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ قەلبىمدىكى ئىمانىمدۇر. ئىمانىم قەلبىمدە بولۇپ، قەلبىمگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ. سەن مېنىڭ ھەممە تەئەللۇقۇمنى ئېلىۋالساڭمۇ قەلبىمدىكى ئىمانىمنى ئېلىۋالالمايسەن. شۇڭا سەن مېنى بەختسىز قىلالمايسەن ۋە بەختلىكمۇ قىلالمايسەن.»

### بەخت ـ سائادەت نەدىن كېلىدۇ؟

شەكسىزكى، بەخت ـ سائادەت ئىماندىن كېلىدۇ. چۈنكى ئىمان بەخت ـ سائادەتنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر، ئۇ تولىمۇ كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى



قىلسا، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە بېرىمىز﴾[1] دەيدۇ. ئايەتتىكى «ئوبدان ياشىتىمىز» دېگەندىن مەقسەت كۆپ مال ـ دۇنيا بېرىمىز ياكى تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلىپ بېرىمىز ۋە ياكى يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشتۈرىمىز دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى بەخت ـ سائادەت ۋە خۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشىتىمىز دېگەنلىكتۇر. چۈنكى كۆپ بايلىقى بار بولسىمۇ، يۇقىرى مەنسەپلىك بولسىمۇ، خۇزۇر ـ ھالاۋەتسىز ياشىغان ئادەمنى بەختلىك دېگىلى بولمايدۇ. ئايەتتىن مەلۇمكى، بۇ نېمەت مۇئمىنلەرگە خاس نېمەت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئەمەلىدىن ھاسىل قىلغان خۇشاللىقى ۋە رەببىنىڭ ئۆزىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتىكى سائادىتىدۇر. ئىمان بولمىغان قەلب بۇنداق سائادەتنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ.

ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، شۇنى كەسكىن ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، دۇنيادا ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خاتىرجەم ۋە ئەڭ قانائەتلىك ھايات كەچۈرىدىغانلار مۇسۇلمانلاردۇر. شۇنىڭدەك، دۇنيادا ئەڭ بەختسىز، ئەڭ ئىزتىراپلىق ۋە ئەڭ بىئارام ھايات كەچۈرىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە

(1) نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت.



ئىمانى بولمىغانلاردۇر. ئىمانسىز ئادەملەر قانچىلىك باي بولۇپ كەتسىمۇ، قانچىلىك چوڭ مەنسەپدار بولۇپ كەتسىمۇ ۋە ھاياتنىڭ لەززەتلىرىنى قانچىلىك كۆپ تېتىغان بولسىمۇ، بۇ ھاياتتىن ھۇزۇر - ھالاۋەت ھېس قىلالمايدۇ. پىسخىك كېسەللىكلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا ئوخشاش ماددىي جەھەتتىن كامالىغا يەتكەن، ئەمما مەنىۋىيەتتە نۆل دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان دۆلەتلەردە كۆپ بولىدىغانلىقى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدە مۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىمۇ بىر رىئاللىقتۇر. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ سەۋەب ناھايىتى ئېنىقتۇر. گەرچە ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى تۇرمۇش ساپاسى تۆۋەن، تىرىكچىلىك ئىشلىرى جاپالىق، ئۆزلىرى كەمبەغەل بىر ھاياتتا ياشىسىمۇ، ئۇلار ھاياتلىقتا ئىمانى ۋە قانائىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئازغا قانائەت قىلىدۇ، كۆپكە شۈكۈر قىلىدۇ، تۇرمۇشىدىن زارلانمايدۇ، ھاياتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بەختلىك، ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرىدۇ، پىسخىكا بۇزۇقلىقى، روھىي كېسەللىك دېگەندەك ھالەتلەرنى ۋە مۇنداق كېسەللەرنى بىلمەيدۇ. پىسخولوگلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەيدۇ. ئەمما ئىماندىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتتىن مەھرۇم ھالدا ھايات كەچۈرىدىغانلارنىڭ ھاياتى مۇقىمسىز، قانائەتسىز،

شۈكۈرسىز بىر ھاياتتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھاياتىدا پىسخىكا بۇزۇقلۇقى، نېرۋا كېسەللىكى ۋە روھىي ئازابلىنىش قاتارلىق راھەتسىزلىكلەر كەم بولمايدۇ.

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، قانائەتمۇ كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى مەڭگۈ تويمايدۇ. ئۇنىڭ نەپسىنى پەقەت تۇپراقلا تويغۇزالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ: «ئىنسان ئىككى ۋادى ئالتۇنغا ئېرىشسىمۇ، يەنە ئۇ ئۈچىنچىسىنى تىلەيدۇ، ئىنساننىڭ نەپسىنى توپىدىن باشقىسى تويغۇزالمايدۇ»[1] دېگەن. بۇ نېمىدېگەن توغرا دىئاگنوز ـ ھە! ئىنسان مەيلى قانچىلىك چوڭ باي بولۇپ كەتسۇن، مەيلى پادىشاھ ياكى رەئىس جۇمھۇر بولسۇن، ئۇنىڭ نەپسى قانائەت قىلمىسا، ئۇ ھەرگىز بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. دېمەك، شۈكۈر ـ قانائەتمۇ ئىنساننى بەختلىك قىلىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ﴾ يەنى ﴿كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ﴾[2] دەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى نېمىدېگەن ھەق! نېمىدېگەن توغرا ـ ھە! ئەمدى، سىز ئىنسان شۈكۈر قىلسا قانداقلارچە ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. دېمەكچى، سىز نېمەت بەرگۈچىگە «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەپ چىن قەلبىڭىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ۋاقتىڭىزدا، سىز شۇنداق بىر ئازادىلىكنى، شۇنداق بىر راھەتنى ۋە شۇنداق

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) لۇقمان سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

بىر ھۇزۇرنى ھېس قىلىسىزكى، ئۇنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ سۆزگە ئىشەنمىسىڭىز ھازىر چىن قەلبىڭىزدىن «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەپ بېقىڭ. ئىنسان شۇكۇر قىلىش جەريانىدا بۇ نېمەتنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىدىكى كۆپلىگەن نېمەتلەرنى ۋە ئارتۇقچىلىقلارنىمۇ بىلىۋالىدۇ. بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ئۆزۈڭدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا ئەمەس، ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا قارىغىن» [1] دېگەن سۆزى نېمدېگەن توغرا ئېيتىلغان! چۈنكى سىز ئەگەر كەمبەغەل بولسىڭىز ياكى بىچارە بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدىنمۇ كەمبەغەل، ئۆزىڭىزدىنمۇ بىچارە ئىنسانلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارغا قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىسىز. بەزىدە مېيىپ ئىنسانلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ ساق يۈرۈۋاتقىنىڭىزدىن سۆيۈنۈپ: «شۇكرى خۇدايىم!» دەيسىز. بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىز تەسۋىرلەپ بولالمايدىغان بىر خىل سائادەتنى ھېس قىلىسىز. ئىنسانلار ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ ـ كىچىك بارلىق نېمەتلىرىگە ھەمىشە شۇكۇر قىلىپ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن ياشايدىكەن. چوقۇم بەختلىك ياشايدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى شۇكۇر قىلغۇچىغا تېخىمۇ كۆپ نېمەت بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.




(1) ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى.

ئاخىرىدا دېمەكچى، مۇشۇنداق ئېسىل مەنىۋى بايلىقى بار مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پېسخىكا بۇزۇقلىقىغا ياكى روھىي كېسەللىككە ئۇچرىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى توغرا ئۇستىدە تۇرۇپ توغرا ئىزدەۋاتقاندەك، شۇنچىلىك مەنىۋى بايلىقى بار تۇرۇپ، ئۆزىنى مەنىۋى يوقسۇللاردىن سانايدۇ، ئۆزىدىكى مەنىۋىياتنى كەشىپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، مۇنداق بايلىقتىن مەھرۇم قالغان پېسخولوگلارنىڭ لېكسىيەلىرىدىن شىپالىق ئىزدەيدۇ. بۇ قانداق ئەخمەقلىق؟!

## سائادەت بىر نەرسىگە ئېرىشىش يولىدا ھېس قىلىنىدۇ

ھېچقانداق بىر نىشاننىڭ ئۆزىدە خۇشاللىق يوق، خۇشاللىق نىشانغا يېتىش يولىدا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ سائادىتىنى پۇل ـ مالدىن ياكى پەرزەنتلىك بولۇشتىن ۋە ياكى مەنسەپتىن ئىزدەيدۇ. مەسىلەن: بىرى «مەن پۇل تاپسام بەختلىك بولاتتىم» دېسە، يەنە بىرى «مەن ئۆيلەنسەم بەختلىك بولاتتىم» دەيدۇ. يەنە بەزىسى «مەن ئىشقا ئورۇنلاشسام بەختلىك بولاتتىم» دەيدۇ» يەنە بەزىسى «يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشسەم بەختلىك بولىمەن» دەپ ئويلايدۇ. بۇلارنىڭ ھېچبىرى خاتا ئەمەس. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى نېمىگە باغلىق قىلسا، بەخت ـ سائادەتنى شۇ نەرسىدىن كۈتىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتلىق ۋە چەكلىك سائادەتتۇر. چۈنكى بۇ نەرسىلەردىن كېلىدىغان سائادەت شۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنلا يوقىلىدۇ.



يەنى سائادەت بىر نەرسىگە ئېرىشىش يولىدا بولىدۇ، ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن سائادەت ھېس قىلىنمايدۇ. بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك سائادەتتۇر. بىر مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇپ، بۇ يېقىنلىقتىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ھاسىل قىلغان ۋاقتىدا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىدۇ.



پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق دەيدۇ: «تۇرمۇشتا بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپتۇر، ئەمما بەختلىك بولۇشنىڭ سەۋەبى بىرلا بولۇپ، ئۇ قانائەتتۇر». چۈنكى ئىنساندا قانائەت بولمىسا، ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالمايدۇ.

## بىرىنچى رېتسېپ

# ئىمانىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن

شەكسىزكى، ئىمان بەخت ـ سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر. چۈنكى ئىمان بار قەلب خۇزۇرلۇق، ئەڭ باي، ئەڭ خاتىرجەم قەلبتۇر. ئىمان بېغىشلايدىغان خۇزۇر ـ ھالاۋەتنى پەقەت ئىمانى مۇستەھكەم مۆمىن ئادەملەرلا تېتىيالايدۇ. مۇنداق ئادەملەر دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىسى بولمىسىمۇ، ئىمان ئاتا قىلغان مەنىۋى بايلىقى بىلەن ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرىدۇ.

ئىمان خەزىنىسىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئالالماي نامراتلىقتا قالغان بەختسىزلەر چۈشكۈنلۈك، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە خارلىق ئوتلىرىدا مەڭگۈ پۇچۇلۇنۇپ ياشايدۇ. ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكًا﴾ يەنى ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ﴾[1].



ئىنساننى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان، ئۇنىڭ نەپسىنى پاكلايدىغان، روھىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدىغان، ئۇنى قايغۇ ـ تەشۋىشلەردىن يىراق قىلىدىغان بىردىنبىر ئامىل ئىماندۇر. ئىمانسىزلارنىڭ ھالىغا

(1) تاھا سۈرىسى 124 ـ ئايەت




ۋايكى، ئۇلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى مۇشۇ دۇنيانىڭ يۈكلىرىدىن، زۇلمەتلىك بويۇنتۇرۇقلىرىدىن، خاپىلىقلىرىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ، بىراقلا راھەتكە چىقىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دەپ قارىشىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇتەپەككۇر ئۆلىمالىرىدىن دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئېرىشىلگەن مۇشەققەتلىك تەجرىبىلەردىن كېيىن، ئەقىل ئۆزىنىڭ يارالمىشتىكى ئەسلى نىشانى بىلەن ئۇچراشتى. بۇتنىڭ خۇراپاتلىق، كۇفرىنىڭ لەنەتگەردىلىك، دىنسىزلىقنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقى، ئاللاھنىڭ بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا تامامەن لايىق، ھەر ئىشقا قادىر، ھەقىقىي پادىشاھلىقىنىڭ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن بوگۈنكى كۈندە، دۇنيانىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە قانائەت تاپىدىغان ۋە بارلىق ئەقىدىلەرنىڭ «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن ئىمان بايرىقى ئاستىغا جەم بولىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى.

سىزنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىڭىز، ئالدىراقسان ياكى تەمكىنلىكىڭىز، بەخت ـ سائادىتىڭىز، راھەت ـ پاراغىتىڭىز، ھوزۇر ۋە دىلئارامىڭىزغا قەدەر ھەممىسى ئىمانىڭىزغا،

ئىمانىڭىزنىڭ قانداق ۋە قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە باغلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئېيتقانكى: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ يەنى **﴿ئەر - ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە بېرىمىز﴾**[1]. مانا بۇ ئىمانلىق گۈزەل هايات بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى رەببىمىزنىڭ گۈزەل ۋەدىسىگە قانائەتلەندۈرىدۇ، ئىمانىمىزنى كۈچەيتىدۇ، ۋىجدانىمىزنى ئويغاق تۇتىدۇ؛ هادىسىلەر ۋە بالا - قازالار ئالدىدا بىزنى چىدامچان قىلىدۇ.

ئەگەر دۇنيا ئىماندىن خالىي بولىدىكەن، ئۇنىڭ هېچبىر قىممىتى، ۋەزنى ۋە مەزمۇنى قالمايدۇ. چۈنكى، ئىمان زايە بولغان يەردە هۇزۇر ۋە ئامانلىق بولمايدۇ، دىنىسىز هاياتتا ياشاشقا رازى بولغان كىشىگە نىسبەتەن مەنىۋى هايات دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.»

## ئىمان ئەڭ زور قۇۋۋەتتۇر

ۋىليام جېمىس[2] مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئادەمنى ياشىتىپ تۇرغان كاتتا بىر قۇۋۋەت بولۇپ، ئىماننىڭ پۈتۈنلەي يوقلىشى مادىي ۋە مەنىۋى قۇۋۋەتنىڭمۇ يوقلىشى دېگەنلىكتۇر. هىندىستانلىقلارنىڭ داھىسى گەندى هاياتىنىڭ ئەڭ قىيىن كۈنلىرىدە مۇشۇ مەنىۋى قۇۋۋەتتىن مەدەت ئېلىپ تۇرمىغان

(1) نەهل سۈرىسى 97 - ئايەت
(2) ۋىليام جېمىس (1842 - 1910) ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، پسىخولوگ ۋە پىداگوگ.

بولسا، ئەلۋەتتە تۇگەشكەن بولاتتى». گەندى ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: ‹ئىبادەتلىرىم بولمىغان بولسا، مەن خېلى بۇرۇنلا ساراڭ بولۇپ قالغان بولاتتىم›.»

## ئىمان سىزنى بەختلىك قىلىدۇ

«ئىلىم دەۋرىدە ئاللاھ تەجەللى قىلىدۇ» ۋە «تىببى ئىلىم ئىماننىڭ مېھرابىدۇر» دېگەن كىتابلاردا ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن بىر ھەقىقەت بار. ئۇ بولسىمۇ، بەندىنى غەم قايغۇدىن خالاس قىلىشتا ئەڭ كۆپ ياردەمچى بولىدىغان نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ۋە ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشتۇر.

﴿وَأُفَوِّضُ أَمْرِى إِلَى اللَّهِ﴾ يەنى ﴿مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن﴾[1]. ﴿مَا أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلاَّ بِإِذْنِ اللَّهِ وَمَن يُؤْمِن بِاللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿( كىشىگە) يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەنلا يېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾[2].

«غەربنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن كىرسي مىرسۇن[3]، ئالېكس كارل[4] ۋە دالى كارنېگ[5] قاتارلىقلار شۇنى ئېتىراپ

---

(1) غافىر سۈرىسى 44 - ئايەت

(2) تەغابۇن سۈرىسى 11 - ئايەت

(3) كىرسى مۇرسۇن «ئىلىم ئىمانغا باشلايدۇ» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.

(4) ئالېكس كارل (1873 - 1944) مەشھۇر ئوپېراتسىيە دوختورى، ئىنسان ئەزالىرىنى يۆتكەش ئىشىدا ئالاھىدە نەتىجە قازانغان.

(5) دالى كارنېگ (1888 - 1955) ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، تونۇلغان پسىخولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىدىكى دالى كارنېگ نامىدىكى «ئىنساني مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتوتى» نىڭ قۇرغۇچىسى. دالى كارنېگ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ «قايغۇرماڭ، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاڭ» (قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ)، «سۆزلەش تاكتىكىسى» ، «قانداق قىلغاندا دوستلارنى قازانغىلى ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ» ، «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار» ناملىق ئەسەرلىرى دۇنيا بويىچە شۆھرەتكە ئېرىشكەن ۋە كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

قىلىشىدۇكى، غەربلىكلەرنىڭ ماددىي مەئىشەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ھاياتىنى پەقەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشلا قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئۇلار دەيدۇكى: ھازىرقى غەرب دۇنياسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دەل دىنسىزلىق ۋە ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈشتۇر. ﴿لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ بِمَا نَسُوا يَوْمَ الْحِسَابِ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا ھېساب كۈنىنى ئۇنۇتقانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بار﴾[1].

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىدە، سابىق ئامېرىكا پرېزدېنتى گېئورگى بوشنىڭ رەپىقىسىنىڭ زىيارەت خاتىرىسى ئېلان قىلىنغان: زىيارەت خاتىرىسىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئېقرار قىلغان. يەنى بىر قېتىم ئۆلۈۋېلىشنى كۆزلەپ، ئۆزىنى ماشىنا بىلەن ياردىن تاشلىماقچى بولغان، يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى تۇنجۇقتۇرماقچى بولغان.

قەزمان دېگەن كىشى مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ غازاتتا ناھايىتى زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا قاراپ: «قەزمانغا مۇبارەك بولسۇن! ئۇ جەننەتكە كىرىدىغان بولدى» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن. ساھابىلەر بۇ سۆزگە ھەيران قېلىپ قەزماننى كۆزەتكەن. ئۇلار بۇ جەرياندا قەزماننىڭ جەڭدە ئېغىر يارىلىنىپ، ئاغرىققا چىدىيالماي ئۆزىگە قىلىچ تىقىپ ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرگەن. ﴿الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي

(1) 38 ـ سۈرە ساد 26 ـ ئايەت

الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، دۇنيا هاياتىدا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئادەملەردۇر ﴾[1]. ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكًا﴾ يەنى ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ هاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ﴾[2].

ھەقىقەتەن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بېشىغا قانچىلىك چوڭ كېلىشمەسلىكلەر ۋە خاپىلىقلار كەلسىمۇ، ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. چۈنكى، كامىل تاھارەت بىلەن، خۇشۇ ـ خۇزۇ بىلەن ئوقۇلغان ئىككى رەكئەت ناماز ئۇنى بۇ خىل غەمدىن ۋە مەغلۇبىيەتتىن ساقلاشقا كېپىلدۇر»[3].

(1) كەھف سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى 124 ـ ئايەت.
(3) ئالدىنقى مەنبەدىن.

ئىككىنچى رېتسېپ



# ئېرىشكەنلىرىڭىزگە شۈكۈر قىلىڭ

ئۆلىمالار «دۇنيادىكى مۇمكىن بولمايدىغان ماتېماتىكا سىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ساناپ چىقىشتۇر» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ ھەممە نەرسىنى ساناپ چىقالىغان تەقدىردىمۇ، قۇمنىڭ سانىنى، دېڭىز دولقۇنلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان ماتېماتىكا بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان پەن - تېخنىكا يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ھېس قىلمايدۇ. پەقەت شۇ نېمەتلەرنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىلا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

ئەرەب تىلىدىكى «الشكر» سۆزىنىڭ مەنىسى: رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۈر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا، ياخشىلىق قىلغاننىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى تىل، دىل ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى

سەۋرچانلىقتۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن تاكامۇللىشىدۇر. شۇڭا شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى رەجەب «شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ» دېگەن[1].

1. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئىھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە﴾ [2] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلارغا كەڭ سۆزلىگىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: «ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[3] دېگەن.

2. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئىھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۇر بۇرچى

---

(1) ئىبنى رەجەب- تولۇق ئىسمى زەينىددىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن بىرى، 736-ھجرىيە باغداتتا تۇغۇلغان، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىدە ئوقۇغان، ئۆز زامانىسىدا كامالىغا يەتكەن مۇجتەھىدلاردىن سانىلىدۇ. 20 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك دىنىي ئەسەر يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «فىقھى قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدۇر. ئەللامە ئىبنى رەجەب 795-ھجرىيە يىلى ھازىرقى سۇرىيە پايتەختى دەمەشق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) دۇھا سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

بارلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش يولىدا قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئۆتتۈرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، تامامىي نېمەتلەرنىڭ ۋە چەكسىز ئاتا ـ ئىھسانىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۇر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا ـ ئىھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە سورىمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، قېتىرقىنىپ قىلىشنى سورايدۇ. بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلامىزمۇ ئەمدى؟

3. ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئىھسانلىرىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن: تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن ـ تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارقا ئىشلىتىپ تۈگەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا

قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىگە تۈزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

## شۈكۈرنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر

پۇل ـ مالنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ چاچماستىن قوللىنىش، ئۇنىڭ زاكىتىنى تولۇق بېرىش ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش «شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئاغزاكى شۈكۈر ئېيتىش بىلەن ئادا تاپمايدۇ. بەلكى بۇ شۈكۈرنى ئەمەلدە قىلىپ كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى شۈكۈر يوقسۇللارغا ۋە ھەر قانداق ھاجەت ئىگىسىگە ئاتىغانلىرىنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.



ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ شۈكرىسى بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. پۇل ـ مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل ـ مالدىن مەلۇم مىقدارنى يوقسۇللارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتى بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا

تاپىدۇ.

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىزنى ئاللاھ تائالانىڭ سان - ساناقسىز نېمەتلىرى چوقىڭىزدىن تاپىنىڭىزغىچە قورشاپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىز بۇنى ھېس قىلىۋاتامسىز؟ ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾[1]. تېنىڭىز ساق، كۆڭلىڭىز خاتىرجەم، كۈندىلىك لەززەتلىك يېمەك - ئىچمەكلىرىڭىز ھازىر، كىيىم - كېچەكلىرىڭىز تولۇق. دۇنيا پۈتۈن نېمەتلىرى بىلەن سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە، ھايات پۈتۈن گۈزەللىكلىرى بىلەن سىزگە ئائىت. سىز بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگىسىز. ئەمما ئۆزىڭىز بۇنى ھېس قىلمايسىز. ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، نېمەتلىرىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا سىلەرگە ئاتا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟﴾[2].

ئىككى كۆزىڭىز كۆرىدۇ، پۇت - قولىڭىز تۇتىدۇ، تىلىڭىز سۆزلەيدۇ، قۇلىقىڭىز ئاڭلايدۇ، مۇندىن باشقا جىمى ئەزايىڭىز جايىدا ئىشلەپ تۇرماقتا. ﴿فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ﴾ يەنى ﴿ئەمدى، سىلەر رەببىڭلارنىڭ قايسىبىر نېمىتىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟﴾[3].

ئىككى پۇتىڭىزغا تايىنىپ مېڭىشىڭىز ئاددىي ئىشمۇ؟

(1) نەھل سۈرىسى 18 - ئايەت.
(2) لۇقمان سۈرىسى 20 - ئايەت.
(3) رەھمان سۈرىسى 13 - ئايەت

پۈتىڭىزنىڭ بىرەرسى كاردىن چىقسا قانچىلىك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئەگەر ھەر ئىككىسى كاردىن چىقسىچۇ؟ دەرت ـ ئەلەمدىن يىراق ھالدا قانغۇدەك ئۇخلىشىڭىز كىچىك ئىشمۇ؟ بىرەر ئەزايىڭىز ئاغرىقتىن دەرتلەنگەن ۋاقىتتا ئۇيقىڭىز كېلەمدۇ؟ كۆڭلىڭىز تارتقان ھەرقانداق نەرسىنى يېيەلەيسىز، مۇزدەك سوغۇق سۇنىمۇ ئىچەلەيسىز. ئەگەر تېنىڭىز ساق بولمىسا شۇنداق قىلالايتتىڭىزمۇ؟ كېسەللىك ياكى يوقلۇق سەۋەبلىك خالىغىنىنى يېيەلمەيدىغان ياكى يىگەندىمۇ ئاشقازىنى قوبۇل قىلالماي ئازابلىنىدىغان كىشىلەر بار. بۇنى بىلەمسىز؟ ئاللاھقا نەچچە قات شۈكۈر قىلىڭكى، ئەقلىڭىز جايىدا. ساراڭ ياكى نېرۋىسى ئاجىزلاردىن بولۇپ قالمىدىڭىز. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسىڭىزچۇ؟ بىلىڭكى، ئاللاھنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر!



بىر جۈپ كۆزىڭىزنىڭ بىرىنى تاغدەك ئالتۇنغا تېگىشىپ يەكچەشمە بولۇپ قېلىشقا رازى بولامسىز؟! قۇلىقىڭىزنى دۇنياچە بايلىققا سېتىشقا رازى بولامسىز؟! تىلىڭىزنى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ئالماستىن ياسالغان قەسىرگە تېگىشىپ تىلسىز قېلىشقا رازى بولامسىز؟! ئىككى قولىڭىزنى بىر دۆۋە ياقۇتقا تېگىشىپ چولاق بولۇپ قېلىشقا رازى بولامسىز؟! سىز قاتمۇقات نېمەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتىسىز، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلارغا ئىگىسىز. لېكىن سىز

بۇلارنى بىلمەيۋاتىسىز. بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى ئاتا قىلغان زاتقا شۈكۈر قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەمىشە «يوق» نىڭ دەردى ۋە ئەتىنىڭ غەم - قايغۇسى ئىچىدىلا ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتىسىز.

ھەر قانچە نامرات بولسىڭىزمۇ ئىناق بىر ئائىلىڭىز بار، ئۆيىڭىزدە ئىسسىق نېنىڭىز بىلەن ئىسسىق چېيىڭىز بار. يېتىپ ئارام ئالىدىغان يۇمشاققىنە ياتىقىڭىز بار. تېنىڭىز ساق، ئېشىپ - تېشىپ تۇرمىسىمۇ قەدرى ئەھۋال تاپاۋىتىڭىز بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاتتا دۆلەتمەنلىك ئەمەسمۇ؟! يوقسۇللۇقتىن نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ قالىدىغان، بىر نانغا زار بولۇۋاتقان بىچارىلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ تاپقان پۇلى دوختۇرغا كېتىپ بارغان، دوختۇرخانىنىڭ كارىۋاتلىرىنى يىللاپ ماكان تۇتۇۋالغان، ئاغرىق دەردىدىن داد - پەرياد قىلىۋاتقان بىمالارنى كۆرمىگىزمۇ؟ سىز قولدىن بېرىپ قويغانلىرىڭىزنى ئويلاپ ھەسرەتلىنىسىز. ئەمما قولىڭىزدا بار نېمەتلەر ۋە بايلىقلارغا شۈكۈر قىلمايسىز. ئازراق ئىقتىسادىي زىيان ئۇچۇن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالىسىز. ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيانىڭ بارچە بايلىقلىرىغا تېگىشلىمەيدىغان قىممەتلىك نېمەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلمايسىز. سىزدە بەخت - سائادەتنىڭ ئاچقۇچلىرى بار. سىزدە دۇنيانىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىغا تېگىشلىمەيدىغان قىممەتلىك بايلىقلار بار. ئويلاڭ ۋە شۈكۈر قىلىڭ! ﴿وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە نېمەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. بۇنى كۆرمەمسىلەر؟﴾[1].»

(1) زارىيات سۈرىسى 21 - ئايەت.

يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالا سىزنىڭ شۈكۈر قىلغىنىڭىزغا مەمنۇن بولۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىپ قالماي، شۈكۈر قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ﴾ يەنى ﴿شۈكۈر قىلساڭلار، (نېمىتىمنى) تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن﴾[1].

ئىنسان تەبىئىتىدە ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش خىسلىتى بار. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىش بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنى قولىدىن كېلىشىچە قايتۇرۇش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنىڭ مىڭدىن، ھەتتا مىليوندىن بىرىنى قايتۇرۇش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا سىزنى چامىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمىدى. سىز شۈكۈر بابىدا پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىگە رازىلىقىڭىزنى ئىزھار قىلىشقىلا بۇيرۇلغان. بۇنچىلىكىنىمۇ قىلالامسىز؟! ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟!



(1) ئىبراھىم سۈرىسى 7 - ئايەت.

گەرچە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە تونۇمىغانلارنىڭ ھەممىسى قورشاپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدىغانلارمۇ ۋە شۈكۈر قىلمايدىغانلارمۇ بار. شۈكۈر قىلمايدىغانلارنىڭ بىرەرسىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقى بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ. چۈنكى ئازغا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغانلار كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.

ۋىجدانلىق ئادەم ياخشىلىققا مۇكاپات بېرىشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ. بىلەمسىز! شۈكۈر بىلەن قانائەت سىزنى بەختلىك قىلىدىغان ئىككى چوڭ ئامىلدۇر. ئۆزىڭىز، ئائىلىڭىز، تەن ساقلىقىڭىز، سۆيگەنلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى ئالەم توغرۇلۇق ئويلاڭ ۋە شۈكۈر قىلىڭ. سىز ھەرگىز: ﴿يَعْرِفُونَ نِعْمَتَ اللَّهِ ثُمَّ يُنكِرُونَهَا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1] دەپ سۈپەتلەنگەنلەر قاتارىدىن بولۇپ قالماڭ.

## ئۆزىڭىزدىكى نېمەتنى كۆرۈۋېلىڭ

بىر باي ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سېتىپ ئۇنىڭدىمۇ ياخشىراق ئۆي ئالماقچى بولۇپ، ئۆيىنى خېرىدارغا سېلىش ئۈچۈن ئېلان چىقارماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۆي - مۈلۈكچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆيىنى سېتىش ئۈچۈن ئوبدان بىر ئېلان تەييارلاشنى تەلەپ قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي - مۈلۈكچى دوستى ئۇنىڭ ئۆيىنى سۈپەتلەپ تەپسىلىي بىر ئېلان هازىرلاپ، بۇنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۆي

(1) نەھل سۈرىسى 83 - ئايەت.

شۇنداق تەپسىلىي ۋە تولۇق تونۇشتۇرۇلغانكى، ئۇنىڭ باغچىلىرىدىن، سۇ ئۆزىدىغان كۆلچىكىگە قەدەر، سارايلىرىدىن ئارام ئېلىش ياتاقلىرىغا قەدەر ھەممىسى تولۇق سۆزلەنگەن. ئۇ ئېگىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئېلانىنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ ئۆيگە ئامراق بولۇپ قاپتۇ ۋە بۇ ئۆينىڭ دەل ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۆي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، دوستىدىن بۇ ئېلاننى بىكار قىلىۋېتىشىنى، ئۆيىنى ساتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ دوستىغا مۇنداق دەپتۇ: «مەن يىللاردىن بېرى مۇشۇنداق بىر ئۆينى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بولسامچۇ، ئۇنىڭدا ئۆزۈم ئولتۇرۇۋاتقانلىقىمنى مۇشۇ ئېلاننى ئوقۇپ چىقمىغۇچە بىلمەيتىمەن ئەمەسمۇ؟ مەن نېمەت ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنى كۆرەلمەپتىمەن.»

بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ئۆزىمىزدە بار ئارتۇقچىلىقلارنى ھېس قىلمايمىز، ئۆزىمىزدىكى نېمەتلەرنى كۆرمەيمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى نېمەتلەرنى ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ساناپ چىقىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ باي، ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ تەلەيلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىمىز.

## ئۈچىنچى رىتسىپ

# قانائەتلىك ياشاڭ



پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر»[1] دېگەن. ئىنساننىڭ نەپسىنى قانائەتتىن باشقا نەرسە تويغۇزالمايدۇ. قانائەت قىلمىغان كىشى ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇپ قانائەت قىلغان ئادەم ئەڭ باي ئادەمدۇر. سىز سىزگە ئاتا قىلىنغان قامەتىڭىزگە، مال - مۈلكىڭىزگە، پەرزەنتلىرىڭىزگە، تۇرالغۇڭىزغا ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانائەت قىلىشىڭىز لازىم. بۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ بۇيرۇقىدۇر: ﴿فَخُذْ مَا آتَيْتُكَ وَكُن مِّنَ الشَّاكِرِينَ﴾ يەنى ﴿مەن ساڭا ئاتا قىلغاننى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن﴾[2].

دوكتور ئائىز ئەل قەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزدىن باشلاپ ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەل ئىدى، ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارمۇ ئاساسەن كەمبەغەل ئىدى. ئۇلارنىڭ نە يېگۈدەك ئاش - تامىقى، مىنگۈدەك ئۇلىقى، ئۇچىسىغا ئارتقۇدەك تۇزۇكرەك كېيىمى،

(1) ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 144 - ئايەت.



تۇرغۇدەك تۇرالغۇسىمۇ بولمىغان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلار ھاياتلىقتا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلالىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنى توغرا يولغا ئىشلەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە، ۋاقتىغا ۋە تالانتىغا بەرىكەت بېرىلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، يەنە بىر تۈركۈم جامائە بولۇپ، مال دۇنيا، بالىچاقا، ھېسابسىز نېمەتلەر بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بايلىقلار ئۇلارنىڭ بەختسىزلىك ۋە چۈشكۈنلىكىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار دۇرۇسلۇقتىن ۋە ھەق يولدىن قېيىپ كەتكەن ئىدى. بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار گەرچە دۇنياۋى شاھادەتنامىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىدە، چۈشەنچىسىدە ۋە جامائەتچىلىك ئارىسىدىكى تەسىرىدە ۋاي دېگۈدەك بىرەر نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە بەزىبىر كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئىلمى چەكلىك بولسىمۇ، ئۆزىدە بار بولغان ئىقتىدارىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ جارىي قىلدۇرۇپ، مەنپەئەت، ئىسلاھات ۋە گۈللىنىشكە تولغان ئۇلۇغ ئىقىنلارنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئەگەر سىز بەختلىك بولاي دېسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزگە ئاتا قىلغان جامالىڭىزغا، قامىتىڭىزگە، ئاۋازىڭىزغا، چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا رازى بولۇڭ. بەزى بىر مەنىۋى كامالەت ئىگىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق مەنزىللەرنى كۆرسىتىپ:

‹ئەھۋالىڭىز ھازىرقىدىن ناچار بولغان تەقدىردىمۇ، سىز ئۇنىڭغا

رازى بولـۇڭ» دېيىشـدۇ.

دۇنيـادا يەنـە مۇنـداق زاتـلار باركـى، گەرچـە ئۇلارنـىڭ بـۇ دۇنيالـىق نېسـۋىلىرى ئـەڭ تـۆۋەن چەكتـە بولسـىمۇ، ئـۇلار دۇنيـا تارىخـىدا شـانلىق ئىزلارنـى قالـدۇرۇپ كەتكـەن.

ئۇلارنـىڭ بـىرى، ئاتـا ئىبنـى راباھتـۇر. ئـۇ بـىر پانـاق بـۇرۇن، يېرىـم پالـەچ، زەنگـى قـۇل بولسـىمۇ. ئـۇ ئـۆز دەۋرىنـىڭ يېتـۈك دۇنيـاۋى ئالىمـى ئـىدى.

ئىككىنچىسـى، ئەھمـەد ئىبنـى قەيسـتۇر. ئـۇ ئـەرەب دۇنياسـىنىڭ ئىسىلزادىسـى بولسـىمۇ، جۇغـى كىچىـك، ھـەم ئـۇرۇق، ھـەم دوك، پۇتـى مايماـق، ئـاۋاق ئـادەم ئـىدى.

ئۈچىنچىسـى، ئەئمـەش بولـۇپ، دۇنيـاۋى مەشھۇر ھەدىسشۇناس بولسـىمۇ، ئۇنـىڭ كىلىـپ چىقىشـى قۇللاردىـن ئـىدى. كـۆزى ئاجىـز، يوقسـۇل ئـىدى. كىيىملىـرى جـۇل ـ جـۇل بولـۇپ ئولتۇرغـان ئۆيىدىن چاشقانمۇ قېيىداپ قاچاتتـى.

پەيغەمبەرلەرنـىڭ كۆپىنچىسـى قـوي باققـان ئـىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسـالام تۆمۈرچـى، زەكەريـا ئەلەيھىسسـالام ياغاچچـى، ئىدرىـس ئەلەيھىسسـالام تىككۈچـى ئـىدى. ئـۇلار ئىنسـانىيەتنىڭ ئىپتىخارلـىق ئۈلگىلىـرى ئـىدى.»

بەخـت ـ سـائادەت بارغـا شـۈكۈر قىلىـش ۋە قانائەتلىـك ياشاشـتىن كېلىـدۇ. ئېيتىلىشـىچە، پادىشـاھلاردىن بـىرى ئۆزىنـى تولىمـۇ بەختسـىز ھېـس قىلىدىكـەن، زادى كۆڭلـى ئېچىلمايدىكـەن، ھەمىشـە غـەم ـ ئەندىشـە ئىچىـدە بىئارامـلىق بىلەنـلا ياشـايدىكەن،

ھەتتا كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى بالىچاقىلىرى بىلەن قەسىرنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيدە يېتىپ قوپىدىكەن، ئۇلار ناھايىتى خۇشاللىق ئىچىدە ياشايدىكەن، ئاخشاملىرى ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدىن كۈلكە سادالىرى ئاڭلىنىپ پادىشاھنى تېخىمۇ راھەتسىز قىلىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرىدىن: «مەن شۇنچە كۆپ بايلىققا، ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە ۋە ھەممىگە ئىگە بىر پادىشاھ تۇرۇپ بەختلىك بولالمايۋاتسام، پالانى خىزمەتكار بەكمۇ خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشايدىكەن. بۇنىڭدىكى سىر زادى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر: «پادىشاھ ئالىيلىرى؟! ئۇنداقتا، ئۇ خىزمەتچىگە پۇل بېرىپ باقايلى» دەپ پادىشاھقا مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ھېلىقى خىزمەتچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ قويۇپ، ئىشىك ئالدىغا بىر ھەميان تىللانى قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ھەميانىنىڭ ئۈستىگە 100 تىللا دەپ يېزىلغان ئىكەن. خىزمەتچى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قارىسا، ھەميان تۇرغۇدەك، ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەميانىنى ئېچىپ تىللالارنى ساناپ چىقىپتىكەن، تىللا 99 چىقىپتۇ، بۇ يۈز بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ، دەپ شۇ بىر تىللانى ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ، بالىچاقىلىرىنى چاقىرىپ چىقىپ ھەممە بىرلىكتە بىر كېچە تىللا ئىزدەپتۇ، ئەمما ئىلىكىگە ئۆتكەن 99 تىللانى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپتۇ، پادىشاھ قارىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام، چىرايىدىن غەم ـ قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغۇدەكمىش. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ بىئاراملىقنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، خىزمەتچى شۇ بىر

تىللانى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ قاتتىق بىئارام بولۇپ قايغۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.»

نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى بۇ قىسسىدىكى خىزمەتچىگە ئوخشاش ئىلكىدە بولغان نۇرغۇن نېمەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بارىغا شۈكۈر قىلماي، يوقىنىڭ دەردىدە زارلىنىپ ئۆزىنى بەختسىز قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، بىزنىڭ قولدىن بەرگەنلىرىمىزدىن ئېرىشكەنلىرىمىز ئەلۋەتتە كۆپتۇر.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! سىزنىڭ قىممىتىڭىز، تالانتىڭىز، ياخشى ئەمەللىرىڭىز، باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتىڭىز ۋە گۈزەل ئەخلاقىڭىزلا بولىدىكەن، سىز ئەڭ بەختلىك كىشىسىز. گەرچە سىزدە گۈزەل چىراي، كۆپ مال ـ دۇنيا، كۆپ پەرزەنت، يۇقىرى مەنسەپ، كاتتا ئابرۇي بولمىسىمۇ، سىز راستتىنلا ئەڭ بەختلىك كىشىسىز. شۇڭا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇڭ. ﴿نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُم مَّعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق﴾[1].

### رىزىق ئىزدەڭ، ئەمما ھېرىس بولماڭ

ئاللاھ تائالا لايىنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇت ـ قوڭغۇزلارغىمۇ رىزق بېرىدۇ. ﴿وَمَا مِن دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا﴾ يەنى ﴿يەر يۈزىدە قانداقلا بىر جانلىق بولسۇن، ئۇنىڭ رىزقىنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان﴾[2].

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى ، 6 ـ ئايەت.



ئاللاھ تائالا قۇشلارغىمۇ رىزىق بېرىدۇ. «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا چىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەتىگىنى قورساقلىرى ئاچلىقتىن چاپلاشقان ھالەتتە چىقىپ كېتىپ، كەچتە قوساقلىرى تومپايغان ھالەتتە قايتىپ كېلىدىغان قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا سۈدىكى بېلىقلارغىمۇ رىزىق بېرىدۇ.

ھالبۇكى، سىز لايىنىڭ ئاستىدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىن، ھاۋادىكى قۇشلاردىن، سۇدىكى بېلىقتىن ئەلۋەتتە ئەھمىيەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك مەۋجۇداتسىز. شۇڭا، سىز رىزقىڭىزدىن غەم قىلماڭ.

ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق بىر بەختسىزلىكنىڭ ياكى كېلىشمەسلىكنىڭ ۋە ياكى زىيان ـ زەخمەتنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن كېلىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئۇبدان نەزەرە سالىدىغان بولسىڭىز، شۇنى كۆرەلەيسىزكى، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر تەن ساقلىقى، تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقى، كۆڭلىنىڭ خۇشاللىقى قاتارلىق بەخت ـ سائادەت ئىچىدە

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

بىر ئوبدان ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقاندىن كېيىن، تۇساتتىن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى ئاغرىق - سىلاقا، خۇشاللىقى غەمكىنلىككە، باياشات تۇرمۇشى موھتاجلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يىراقلىشىشنىڭ سەۋەبىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئامەتلىرىگە كۆرەڭلەپ كېتىپ مەغرۇرلىنىپ قالىدۇ، ئاندىن ھەددىدىن ئاشىدۇ، گۇناھ قىلىدۇ، بەزىلەر ئۆزىنى ئاللاھ تائالادىن بىھاجەت ساناپ قالىدۇ، ئاندىن ئەمەل - ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئاچكۆزلۈك قىلىپ يولسىزلىق قىلىدۇ ۋە ھالال - ھارامنى ئىلغىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكًا﴾ يەنى ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىم (بولغان قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ﴾[1]، ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَىٰ قَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا مَا بِأَنفُسِهِمْ﴾ يەنى ﴿بۇ (ئازابنىڭ چۈشۈشى) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ﴾[2]، ﴿وَمَا أَصَابَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ﴾ يەنى ﴿بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت سىلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلار سادىر قىلغان (گۇناھىڭلار) تۈپەيلىدىندۇر. (شۇنداقتىمۇ ئاللاھ گۇناھىڭلاردىن) نۇرغۇنلىرىنى

(1) تاھا سۈرىسى ، 124 - ئايەت.
(2) ئەنفال سۈرىسى ، 53 - ئايەت.

ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ﴾[1]، ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿(نېمىتىمگە) شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ﴾[2]. ﴿وَأَن لَّوِ اسْتَقَامُوا عَلَى الطَّرِيقَةِ لَأَسْقَيْنَاهُم مَّاءً غَدَقًا لِنَفْتِنَهُمْ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى. ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق) ﴾[3].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: «ئى ئادەم بالىسى! رىزقىڭنىڭ تار بولۇپ قېلىشىدىن قورقمىغىن، مېنىڭ خەزىنىلىرىم تولۇپ- تاشقاندۇر. ئى ئادەم بالىسى! مەن سېنى ئىبادەت ئۈچۈن ياراتتىم، ئوينىما. ساڭا رىزىق بېرىشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم، سەن غەم قىلمىغىن. ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن مېنىڭ تەقسىماتىمغا رازى بولساڭ، دىلىڭنى ۋە جىسمىڭنى راھەتلەندۈرىمەن ھەمدە مېنىڭ دەرگاھىمدا مەدھىيەگە سازاۋەر بولىسەن. ئەگەر سەن مەن بەرگەن رىزىققا قانائەت قىلمىساڭ، ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، دۇنيانى چوقۇم ساڭا مۇسەللەت قىلىپ قويىمەنكى، سەن دۇنياغا خۇددى قۇرۇقلۇقتىكى يىرتقۇچلار ئوۋغا ئېتىلغاندەك ئېتىلىسەن، ئەمما مەن يەنىلا تەقدىر قىلغان رىزىقتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيسەن. ئى ئادەم بالىسى! مەن ئاسمان - زېمىننى ياراتتىم، ھەرگىز ھېرىپ قالمىدىم. ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن ئەتىنىڭ ئەمەلىنى بۈگۈن تەلەپ قىلمىغاندەك،

(1) شۇرا سۈرىسى ، 30 - ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى ، 7 - ئايەت.
(3) جىن سۈرىسى 16 - ئايەت.

سەنمۇ مەندىن ئەتىنىڭ رىزقىنى تەلەپ قىلمىغىن»[1].

رىئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، بەزى كىشىلەر تېز ۋاقىت ئىچىدە باي بولسامىكەن، دەپ قاتتىق ئىشلەيدۇ، ھەتتا تۇزۇك ئارام ئالماستىن پۇل تېپىشقا تىرىشىدۇ، بەزىدە ھالال ـ ھارامنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چەتنەپ كېتىدۇ، بەزىدە ئىبادەتلەرنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالا پۈتۈۋەتكەن رىزىقتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر قانائەتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ، ھەممە ئىشنى ئۆز يولىدا قىلىدۇ، ھالال ـ ھارامنىڭ چېگرىسىدا توختايدۇ، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى جايىدا ئورۇندايدۇ، ھەر ھالەتتە ئۇچۇن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ كىشىلەر ئالدىنقىلار ئېرىشەلمىگەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە، ئۇلارغا نېسىپ بولمىغان بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىپ ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ.

ئەگەر ئىشلىگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىلا باي بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئىشلەشكە كۈچى يەتمەيدىغان ئاجىز كىشىلەر، مېيىپلا، كېسەللەر، باققۇچىسى يوق ياشىنىپ قالغانلار ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولار ئىدى.

ئەگەر رىزىق ئىشلەش بىلەنلا كېلىدىغان بولسا ئىدى، ئۆزىنىڭ رىزقىنى تېپىپ يەلمەيدىغان جانلىقلارنىڭ ھېچبىرى ياشىمىغان بولار ئىدى. ﴿وَكَأَيِّن مِن دَابَّةٍ لَا تَحْمِلُ رِزْقَهَا اللَّهُ يَرْزُقُهَا وَإِيَّاكُمْ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ يەنى ﴿(يەر يۈزىدە) نۇرغۇن جانىۋارلار باركى، ئۇلار ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيەلمەيدۇ، ئۇلارنىمۇ، سىلەرنىمۇ ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ﴾[2].

(1) ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىنىڭ لېكسىيەسىدىن.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى، 60- ئايەت.

## تۆتىنچى رېتسېپ

# سەۋرچانلىقنى ئادەت قىلىۋېلىڭ



دۇنيانىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنى پەقەت سەۋر بىلەنلا يەڭگىلى بولىدۇ، ھەر قانداق ئارزۇ ـ ئارمانغا چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ. كۆڭۈلنى پەقەت سەۋر بىلەنلا تىندۇرغىلى بولىدۇ. سەۋر ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئامىلدۇر.



ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ساقلاش ۋە كۈتۈش دېگەنلەر كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە دۇنيانىڭ رەت ـ تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە

جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كىرىزىس كۈچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە ئۇزارسا، پەقەت سەۋرلا ئىنسانغا گاڭگىراشتىن قوغدايدىغان نۇر، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋر ھەر قانداق ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەزىلەت. ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ئارزۇ ئۈمىدلىرى، سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. بىر ھەدىستە: «سەۋر ـ نۇردۇر»[1] دەپ كەلگەن. نۇر قاراڭغۇنى يورۇتقاندەك، سەۋرچانلىقمۇ ئىنساننىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ».

ئۆرۈكنى پىششىقتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قورالландۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن ھامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋارلىق، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.



## سەۋر تولمۇ گۈزەل نەرسىدۇر

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سەۋر بىلەن زىننەتلىنىش، مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. ئۇلار ئۆزىگە قارشى ئوڭۇشسىزلىقلارغا كۆڭلى كۆكسىنى كەڭ تۇتقان ھالدا تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ. ئۇنداقتا، دەپ بېقىڭچۇ، مەن ياكى سىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولمىغان ئىشلارغا سەۋر قىلمىساق، نېمە ئىش قىلالايمىز؟ قولىمىزدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

بىزدە سەۋر قىلىشتىن باشقا قانداق ھەل قىلىش چارىسى ۋە يەنە قانداق قۇرال بار دەيسىز؟

بۇرۇن تونۇلغان بىر قوماندان بولۇپ، مۇسىبەتلەر ئۇنى قورشىۋالغان ئىكەن. قىيىنچىلىقلار بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئۇنىڭغا كىرىپ قاققۇدەك پۇرسەت بەرمەيدىكەن. ئۇ بىر قىيىنچىلىقنى ئۇزاتسا، يەنە بىر قىيىنچىلىق ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىدىكەن. ئۇ سەۋرنى قالقان، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچنى دۇبۇلغا - ساۋۇت قىلىپ ئاخىرى غەلىبە قىلغان ئىكەن. مۇنەۋۋەر، ئېسىل كىشىلەر قىيىنچىلىققا مانا مۇشۇنداق يۈزلىنىدۇ، رىقابەتنى مانا مۇشۇنداق قارشى ئالىدۇ.»

ھەممە ئادەم ئۆز ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى تېز كۆرۈشنى

خالايدۇ، شۇنىڭغا ئالدىرايدۇ. ئەمما دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى بىراۋنىڭ ئارزۇسىغا ۋە ئۇنىڭ ئالدىرىشىغا قارىمايدۇ. چۈنكى ھەممە ئىش قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. دېھقان ئۇرۇقنى يەرگە تېرىپ بولۇپ ئۇنىڭ ئۇنۇپ چىقىشىنى ۋە مول ھوسۇل بېرىشىنى كۈتىدۇ. ئەگەر دېھقان قورسىقىم ئېچىپ قالدى، ئۇرۇق تېزرەك ئۈنسە، ئاندىن مەنمۇ تېزرەك ھوسۇل ئالسام بولاتتى، دەپ ئېتىزلىقتا چىقىپ ئولتۇرۇۋالسىمۇ، ئۇ دان ئۈنى ئاچ قاپتۇ دەپ بۇرۇن چىقمايدۇ، بەلكى ۋاقتى كەلگەندە چىقىدۇ. مەسىلەن: سۇنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى 212 گرادۇسقا يەتكەندە قاينايدۇ، ئەمما بىر گرادۇس كەم بولۇپ 211 گرادۇسقا يەتسىمۇ قاينىمايدۇ. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئادەم نەتىجە بەرگىلى ئاز قالغاندا ۋاز كېچىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەتىجىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق ۋاقىتتا بەل قويۇۋېتىدۇ.

ياردەم ھەرقاچان سەۋر - تاقەت تۈگەشكە ئاز قالغان چاغدا كېلىدۇ. ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۆمىن) لەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق ئېغىر يوقسۇللۇق ۋە زور قىيىنچىلىقلار كەلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دېيىشكەن دەرىجىدە تولغىنىپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1].

(1) بەقەرە سۈرىسى، 214 - ئايەت.

بەشىنچى رىتسىپ

# قازا ۋە قەدەرگە ئىمانىڭىز كامىل بولسۇن



ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، تەقدىرگە تەن بەرگەن ئادەم بېشىغا قانچىلىك خاپىلىق كەلسىمۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۆز قولى بىلەن بەربات قىلىۋەتمەيدۇ، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى بىلەن ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِي الأَرْضِ وَلا فِي أَنفُسِكُمْ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَا﴾ يەنى ﴿يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان بالا ـ قازالارنىڭ ھەممىسى بىز

يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزدا بار ئىدى ﴾[1].

﴿وَإِن يَمْسَسْكَ اللّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2].

﴿لَّن يُصِيبَنَا إِلاَّ مَا كَتَبَ اللّهُ لَنَا﴾ يەنى ﴿بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ﴾[3]. سىزگە يەتكەن ياخشىلىق ياكى يامانلىق خاتالىشىپ يەتكىنى يوق، ھەممە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پۈتۈلگەن تەقدىردۇر. ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلىۋەتكەن ئىش ئۆزگەرمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ساڭا پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىدىن باشقىسىنى يەتكۈزەلمەيدۇ، ناۋادا ئۇلار ھەممىسى ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولۇپ بىرلەشسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان ياخشىلىقتىن باشقىسىنى يەتكۈزەلمەيدۇ»[4]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىشى ھەققەتەن ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ياخشىلىقتۇر، بۇ ياخشىلىق مۇئمىن ئادەمدىن باشقىسىغا يوقتۇر، ئۇنىڭغا بىرەر خۇشاللىق يەتسە، ئاللاھقا

(1) ھەدىد سۈرىسى 22- ئايەت
(2) ئەنئام سۈرىسى 17 ئايەت
(3) تەۋبە سۈرىسى 51- ئايەت
(4) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر»[1].



شەك - شۈبھىسىزكى، مۇشۇ ئەقىدە سىزنىڭ قەلبىڭىزدە مەھكەم ئورۇن ئېلىپ، ئىچكى تۇيغۇلىرىڭىزدا مۇقىملاشسا، سىناقلار مۇكاپاتقا، زىيان - زەخمەتلەر پايدىغا، جاپا - مۇشەققەت ھىممەتكە، ھەممە ھادىسىلەر مەمنۇنىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا، سىز ئاغرىق - سىلاق، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئىقتىسادىي زىيان ۋە ياكى ئوت ئاپىتى، دىگەندەك ھادىسىلەردىن ۋايىم يېمەيسىز، چۈنكى بۇنى ياراتقۇچى ئاشۇنداق تەقدىر قىلغان، ئاشۇنداق ھۆكۈم قىلغان ۋە ئاشۇنداق ئىختىيار قىلغان. ئىختىيارلىق پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر.

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز تەقدىرگە چىن ئىشەنسىڭىز، تۇرمۇشقا دادىل يۈزلىنەلەيسىز ھەم روھىڭىزنى ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ چارچىتىشىدىن خالىي قىلالايسىز. قەلەم سىز يولۇققان ھادىسە بىلەن قۇرۇپ كەتتى، شۇڭا ھەسرەت چەكمەڭكى، يىقىلغان

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تامنى يۆلۈۋالغىلى، ئىقىن سۇنى كەينىگە ياندۇرغىلى، شامالنى توسۇۋالغىلى، تۆكۈلگەن سۈتنى قاچىلىۋالغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئۈيلاش مېنىڭ ھەم سىزنىڭ خاھىشىڭىزدىمۇ توغرا ئەمەس. تەقدىر قىلىنغان ئىش ھامان يۈز بېرىدۇ. ھۆكۈم ھامان ئىجرا بولىدۇ. يېزىلغان نەرسە ھامان چۈشىدۇ.

ئاچچىق يۈتۈش، پەرىشانلىق، ئۆكۈنۈش ۋە پۇچىلىنىش لەشكەرلىرى سىزنى قورشىۋېلىشتىن ئىلگىرى تەقدىرگە تەن بېرىڭ؛ پۇشايمان كەلكۈنى يوپۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قازانى ئېتىراپ قىلىڭ. سەۋەب قىلغان ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچقان ھادىسە يەنىلا يۈز بەرسە، ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىڭ. چۈنكى ئۇ يۈز بېرىشى بېكىتىلىپ بولغان ئىشتۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقىن. ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىز كەلمەيسەن. ئەگەر ساڭا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ‹ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام، مۇنداق بولاتتىكەن› دېمەي، ‹ئاللاھ تەقدىر قىپتىكەن، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ› دېگىن. چۈنكى ‹ئەگەر› دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىنى ئاچىدۇ»[1]. بۇ ھەدىستىكى «كۈچلۈك مۆئمىن» دېگەن سۆز ئىمانى كۈچلۈك، ئەقىدىسى مۇستەھكەم دېگەنلىك بولۇپ، بەدىنى كۈچلۈك

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولۇش ئىككىنچى دەرىجىدە كېلىدىغان سۈپەتتۇر. شۇڭا سىز بېشىڭىزغا قانداقلا ئىش كەلسە، ئۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتىكەن، دېمەي: «ئاللاھ شۇنداق تەقدىر قىپتىكەن، بولغۇلۇق بولدى» دېگەيسىز.



ئالتىنچى رېتسېپ

# ياخشىلىق قىلىش ئادىتىڭىزگە ئايلانسۇن

ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ گۈزەل بىر تەمى بولۇپ، ئۇنىڭ تەمىنى خەير ـ ئېھسان ئىگىلىرىلا تېتىيالايدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان، ۋىجداننى راھەتلەندۈرىدىغان، ئىنسانلارنى خوش قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. بەرگۈچى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خوشاللىق ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ۋاقتىدىكى خوشاللىقىدۇر. شۇڭا، سىز ئالغاندا ئەمەس، بەرگەندە خوشال بولۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، سىزنىڭ خوشال بولىدىغان چاغلىرىڭىز ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بار خوشاللىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزىڭىزدىن چىقىرالايسىز. چۈنكى سىز بىر نەرسىنى ئالاي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا ئالالمايسىز، ئەمما بىر نەرسىنى بېرەي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا بېرەلەيسىز ۋە ئۆزىڭىزنى خوشال قىلالايسىز.

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياخشىلىق قىلىش ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە مەنىسىگە ئوخشاشلا گۈزەل ۋە تاتلىق بولۇپ، ئۇ




هامان باشقىلارنى بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ گۈزەللىك ۋە بەختىيارلىقتىن بەھرىلەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلى يەنىلا ياخشىلىق قىلغۇچى كىشىنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇلار بۇ ياخشىلىقى ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ مەنىۋى تەمىنى ئۆزىنىڭ روھىي، ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي ھېس - تۇيغۇلىرىدا ھېس قىلىپلا قالماي، بۇ ياخشىلىقنىڭ يۈزىسىدىن نۇرغۇن خۇشاللىقا، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيدۇ.

سىزنى قايغۇ - ھەسرەت، غەم - ئەندىشە چىرمىۋالغاندا، باشقىلارغا ياخشىلىق ئىستەڭ ۋە ئۇلارغا گۈزەللىك ئاتا قىلىشقا تىرىشىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، سىز چوقۇم خۇشاللىققا ۋە راھەتكە ئېرىشەلەيسىز. مەھرۇملارغا بېرىڭ، مەزلۇملارغا ياردەم قىلىڭ، مۇھتاجلارنى يۆلەڭ، ئاچلارنى تويغۇزۇڭ، كېسەللەرنى يوقلاڭ، شۇندىلا بەخت - سائادەت ئالدى - كەينىڭىزدىن، ئوڭ - سولىڭىزدىن يامغۇردەك قۇيۇلىدۇ.»

سىز ياخشىلىق بوستانىغا كىلىپ، باشقىلار ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىڭ، باشقىلارغا سەدىقە ئەيلەڭ، زىياپەت بېرىڭ، ھاجەتلىرىنى راۋا ئەيلەڭ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇسىغا ھەمدەم بولۇڭ، شۇندىلا بەختنىڭ تەمىنى تېتىپ، زوقىغا چۈمۈلەلەيسىز! ﴿وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَى. إِلَّا ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى. وَلَسَوْفَ يَرْضَى﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ رەببىنىڭ

رازىلىقى ئۈچۈندۇر. (مۇنداق ئادەم) كەلگۈسىدە (رەببىنىڭ مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ ﴾[1].



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىق ئادەتتۇر» [2] دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، ھەمىشە ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ياخشىلاردىن بولۇش ھەربىر مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈرىيەتتۇر. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش يارىتىلىشتىكى تەبىئىي ھالەتنى ساقلاپ قالغانلىق ۋە يارىتىلىشنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىن ياخشىلىق سۆيىدۇ ۋە يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ تۇغۇلما ساپ ھالىتىدۇر. ساماۋى دىنلارنىڭ ئاساسلىق رولى ۋە ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرغان قىلىشقا تىرىششتۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ساپ ھالىتىگە قايتىدىغان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ھاياتىنى ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا

---

(1) لەيل سۈرىسى 19،20،21 - ئايەتلەر.
(2) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا﴾ يەنى ﴿توغرا دىنغا ـ ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇنىڭ ئۇستىگە ياراتقان﴾[1].
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم ئىسلامنىڭ ئۇستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خىرىستىيان قىلىدۇ ۋە ياكى مەجۇسى قىلىدۇ»[2].
دېمەك، ئىنسان ھەق دىنىنىڭ ئۇستىگە يارىتىلغان، ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان مەخلۇقاتتۇر. بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى يارىتىلغان چاغدىكى ساپ ۋە تەبىئىي ھالىتىمىز بىلەن ياشاشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ تولىسى رىياكارلىققا ئادەتلىنىپ قالغان. شۇڭا بىزدىن بىراۋ بىرەر ياخشى ئىش قىلسا ياكى بىرىگە ياردەم قىلىپ قويسا، بىز ئۇنى ئالىيجاناپلىق دەپ ساناپ كېتىمىز، ئۇ كىشىنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنغىلى تاس قالىمىز، بىز بۇ ئىشنى قالتىس ئىش ساناپ كېتىمىز، ھالبۇكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى ئىش قىلىش ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى خىسلىتى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇر. خۇددى پەرىشتىلەر گۇناھ قىلمايدىغان، ھايۋانلار ئىبادەت قىلمايدىغان قىلىپ يارىتىلغاندەك، ئىنسان ياخشىلىق قىلىدىغان، ياخشىلىقنى سۆيىدىغان قىلىپ يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزدىن باشلاپ بارلىق ئىشلىرىمىز رىياكارلىق ۋە شەكلۋازلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئارىمىزدىن بىراۋ قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى

(1) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىشتىن بىرىنى قىلىپ قويسا، بىز ھاياجانلىنىپ كېتىمىز، ئۇنى ماختاپ كېتىمىز، ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىمىز. ئەسلىدە تامامەن تەتۈرىسىنى قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. يەنى بىز ياخشىلىق قىلغانلاردىن ئەمەس، قىلمىغانلاردىن ھەيران قالساق بولاتتى.

### ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ چايانلىرى

كۇۋەيتتە چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمەء» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىلى25 ـ مارت سانىدا «ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ چايانلىرى» دېگەن تېمىدا مۇنداق بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان: «بىر ياخشىلىق سۆيەر دانىشمەن ئادەم دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىزدىكى ۋە ئەتراپتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر چايان ئۆمىلەپ كېلىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە سۇنىڭ ئېقىشىنىڭ تەتۈرىگە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاتتىق كۈچەيدۇ، ئەمما سۇدىن چىقىشنى بىجىرەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەم چايانغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلايدۇ ۋە قولىنى سوزۇپ چايانى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن تۇتقىنىدا، چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ، ئادەم چايانى تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ. بىرەر مىنۇت ئۆتمەستىن ئادەمنىڭ كۆزى يەنە چايانغا چۈشىدۇ، كۆڭلى يەنە بىردىنلا ئېرىپ كېتىپ ئۇنى قۇتقۇزغۇسى كېلىدۇ ـ دە، قولىنى چايانغا سوزۇپ ئۇنى تۇتقىنىدا چايان يەنە ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ. يەنە ئۇنى تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ، بۇ قېتىم قولى بەك ئاغرىيدۇ. ئۈچىنچى

قېتىم يەنە چايانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەمشەلگىنىدە، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش ئۇنىڭغا‹سىز قانداق ئىبرەت ئالمايدىغان ئادەمسىز؟ ئىككى قېتىم قولىڭىزنى چېقىۋالغان چايانىنى يەنە قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزەمسىز؟› دەيدۇ. ئەمما دانىشمەن ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي يەنە چايانغا قولىنى سوزىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ دېڭىز بويىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ياشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹ئەي ئوغلۇم! چايانىنىڭ خاراكتېرى چېقىش، مېنىڭ خاراكتېرىم سۆيۈش ۋە ياردەم قىلىش تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى چايانىنىڭ خاراكتېرىغا بويسۇندۇرىمەن› دەيدۇ.

سىز نۇرغۇن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۇلاردىن يامانلىقتىن باشقىسىنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئەھۋال سىزنى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن توسۇپ قالالامدۇ؟

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ياخشىلىق ئىنسانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىراۋنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش ئادىمىيلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، قەلبنىڭ سۆزۈكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، قولىدىن كەلگەن ياردەمنى سۇنۇش ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە يېقىنلىق ئاشىدۇ.»

ياخشىلىق قىلىشنىڭ چېكى يوق. ياخشىلىق چەكسىز، مىننەتسىز ۋە ئىككىلىنىشسىز قىلىنىدىغان خىسلەتتۇر.

## قانداق قىلغاندا ياخشىلىققا ئادەتلىنەلەيسىز؟

ئىنسان ياخشىلىق قىلىش يولىدا بەزى قىيىنچىلىقلارغا، توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: سىز ياخشىلىق قىلغان ۋە ياردەم قىلغان ئىنسانلاردىن سىزگە يامانلىق كەلگەندە، ئەگەر سىز كۈچلۈك ئىمانغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ۋە سەرۋ - تاقەتكە ئىگە بولمىسىڭىز بىر ئاندىلا ياخشىلىق قىلىشتىن سوۋۇپ قېلىشىڭىز، ھەتتا ۋاز كېچىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ تاشلايدىغان تۇزكورلار، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

تۆۋەندىكىلەر سىزنىڭ ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ:

1. سىزنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى دەپ بىلىشىڭىز لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە بىزلەرنىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇغان زاتتۇر. ﴿وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن﴾[1] ﴿هَلْ جَزَاءُ الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ﴾ يەنى ﴿ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر﴾[2]. ھەر كىمگە ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغان ئىكەن، باش ئۇستىگە دەپ بۇ ئەمرنى ئورۇندىشىڭىز سىزنىڭ ئىمانىڭىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

---

(1) قەسەس سۈرىسى 77 - ئايەت.
(2) رەھمان سۈرىسى 60-ئايەت.

2. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ئاتا ـ ئىھسانلىرى، نېمەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بۇ ۋاقىتتا سىزگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان ياخشىلىقلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ۋە چوڭلۇقىنى، سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھېچ نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىسىز، شۇنداقلا سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ھىدايىتى بىلەن بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ياخشىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» دىكى ياخشىلىقتا بۇيرۇغان ئايەتلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، تىلىڭىزغا ھەمىشە جارىي قىلدۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزدە سىزنى ھەمىشە ياخشىلىقتا ئۈندەپ تۇرىدىغان تۈرتكىنى ھاسىل قىلىسىز.

4. قانداقلا بىر ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ياخشىلىقنى كۆپ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەسكە ئېلىش ياخشىلىقتا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار قىلغان ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە كۆرۈشتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىدۇ. ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يۈزى يورۇق، گېپى ئۆتكۈر، شان ـ شەۋكىتى يۇقىرى بولىدۇ. مۇنداق ئادەمنى ھەركىم ھۆرمەتلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ.

يەتتىنچى رىتسىپ

# ھەر قىيىنچىلىقتا ئاسانلىق بارلىقىنى ئۇنۇتماڭ




ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە خۇش خەۋەر بېرىپ: ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا. إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا﴾ يەنى ﴿ئەلۋەتتە ھەربىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئوڭايلىق بار. شەكسىزكى، ھەربىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئوڭايلىق بار﴾[1] دەيدۇ. راستتىنلا ھەربىر قىيىنچىلىقتا بىر ئوڭايلىق بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. ئەمما بىر شەرت بىلەن بار. ئۇ شەرت قايسى دېگەندە، ئۇ ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت بويىچە سەۋەب قىلىش، چىدامچان، سەۋرچان بولۇش ۋە ئىرادىلىك بولۇپ جاپادىن قورقماسلىقتۇر. ئەمما سەۋەب قىلماستىن قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا ئۆرۈيمەن دېگەنلىك «ئۆچكە يېمەي ئاغزىمغا چۈش» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى ھەربىر قىيىنچىلىقنى يېڭىشتا سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا تايىنىشقا بۇيرۇغان. بىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ۋە كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ھەربىر قىيىنچىلىقنىڭ يېنىدا بىر ئوڭايلىقنى تاپىمىز. ئالىملار «تاڭ يورۇش ئالدىدىكى ۋاقىت

(1) ئىنشىراھ سۈرىسى 5 - 6 - ئايەتلەر.

ئەڭ قاراڭغۇ ۋاقتتۇر» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: ئوڭايلىق پەقەت قىيىنچىلىق تازا چېكىگە يەتكەن چاغدىلا كېلىدۇ، ئەڭ زۇلمەتلىك، ئەڭ قىيىن ۋاقىت دەل ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغان ۋاقتتۇر، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دېگەن: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۆمىن) لەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق ئېغىر يوقسۇزلۇق ۋە زور قىيىنچىلىقلار كەلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەيدىغان دەرىجىدە تولغىنىپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1].

## ئۈمىدىڭىزنى جارىي قىلدۇرۇڭ

پسىخولوگلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ ھاياتى نۇرغۇنلىغان ئۆچەك شاملاردىن تەركىب تاپىدۇ، سىز بىرلا شامنى يورۇتسىڭىز، باشقا جايلاردىكى يورۇمىغان شاملارنى كۆرەلەيسىز، شۇنىڭدەك، سىز ھاياتىڭىزدا بىرلا نەرسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىسىڭىز، سىزدىكى كۆپلىگەن يوشۇرۇن ئىقتىدارنى كۆرەلەيسىز ۋە غەيرەت قىلسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايسىز».

(1) بەقەرە سۈرىسى 214 - ئايەت.




دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسەرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسان! بىر ئاچلىقتا بىر توقلۇق، بىر چاڭقاشتا بىر قېنىش، بىر چارچاشتا بىر ئۇيقۇ، بىر كېسەلدە بىر شىپالىق بار. كەتكەنلەر ھامىنى قايتىپ كېلىدۇ. ئېزىققانلار ھامىنى يول تاپىدۇ. ئەسىرلەر ھامىنى ئازات قىلىنىدۇ، قاراڭغۇلۇق ھامىنى تارقىلىدۇ. ﴿فَعَسَى اللَّهُ أَن يَأْتِيَ بِالْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِّنْ عِندِهِ فَيُصْبِحُوا عَلَىٰ مَا أَسَرُّوا فِي أَنفُسِهِمْ نَادِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يېقىندا (مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ياكى (مۇناپىقلار ھەققىدە) ئۆز تەرىپىدىن بىر ھۆكۈمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، (دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار) ئۇلارنى كۆڭلىدە يوشۇرۇن دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن نادامەت چېكىدۇ﴾[1].

كېچىگە خۇش خەۋەر بولسۇنكى، تاڭ ھامان يورۇيدۇ. غەمكىنلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇنكى، ھاياتلىقتىكى چىقىش يولى چاقماق تېزلىكىدە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېتىپ كېلىدۇ. بىچارىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇنكى، يوشۇرۇن مېھرىبانلىققا تولغان ساخاۋەتلىك قوللار ھامىنى ئۇلارنىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ.



(1) مائىدە سۈرىسى 52 ـ ئايەت.



كۆز يەتكۈسىز جەزىرىلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا قويۇق سايە تاشلىغان ياپ - يېشىل بوستانلىقنىڭ بارلىقىنى؛ بارغانسېرى چىڭ تارتىلىۋاتقان ئارغامچىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداقلا بىر تامچە ياشنىڭ كەينىدە بىر تەبەسسۇمنىڭ، بىر قورقۇشنىڭ كەينىدە بىر ئامانلىقنىڭ، بىر ۋەھىمىنىڭ كەينىدە بىر خاتىرجەملىكنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەك.

ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىگەن. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك نەزىرىنى سالغان ئىدى. ﴿يَا نَارُ كُونِي بَرْدًا وَسَلَامًا عَلَى إِبْرَاهِيمَ﴾ يەنى ﴿ئى ئوت! ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە ئامانلىق بولۇپ بەرگىن﴾[1].

دېڭىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنى غەرق قىلالمىغان، چۈنكى ئۇنىڭ قەۋمى ئەمدى پىرئەۋن قوشۇنى بىزگە يېتىشىۋالىدىغان بولدى، دەپ قايغۇرغاندا، ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾ يەنى ﴿ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ماڭا يول كۆرسىتىدۇ﴾[2].



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غاردا ھەمراھى

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 69 - ئايەت
(2) شۇئەرا سۈرىسى 62 - ئايەت

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىنى: ﴿لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا﴾ يەنى ﴿غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە﴾[1] دەپ تىنچلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشۈرگەن ئىدى.

ئۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇ شارائىتتا قۇل بولغانلارنىڭ كۆزى قىيىنچىلىق، تارچىلىق ۋە بەختسىزلىكتىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا دەيمەنكى، ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئىبادەتنىڭ ئەۋزىلى كۈتۈشتۇر. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كېچىلەر يېڭى - يېڭى ۋەقەلىكلەرگە ھامىلىداردۇر. كېلەچەك مەجھۇلدۇر، ئاللاھ تائالا بولسا ھەركۈنى بىر ھالدىدۇر. بەلكى ئاللاھ تائالا ئاشۇ قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىرئاسانلىق بېرىشى مۇمكىن.»

(1) تەۋبە سۈرىسى 40 - ئايەت.

سەككىزىنچى رېتسىپ

# ھەممىگە ماقۇل دەۋەرمەك



قولىدىن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغان، ۋاقتى يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغان، قىلغۇسى بار ـ قىلغۇسى يوق ھەممە ئىشقا ماقۇل دېيىش ئۆزىنى زىيادە ئۇپرىتىشقا، تېخىمۇ كۆپ خىجالەتچىلىك تارتىشقا ۋە كۆپلىگەن بىئارامچىلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. كىشىلەرگە ۋەدە قىلىپ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئادەمگە كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغىمۇ ئەلۋەتتە تەسىر يېتىدۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن ۋە ئىشەنچىسىدىن قېلىپ قالىدۇ. شۇڭا قىلالايدىغان ئىشنى قىلىمەن، قىلالمايدىغان ئىشنى قىلالمايمەن، دەپ ۋاقتىدا دادىل ئېيتىش ئەڭ ساغلام، ئەڭ توغرا ئىشتۇر. ئۆلىمالار «ئىشنىڭ بېشىدا ئۆزرە ئېيتىش ئاخىرىدا ئۆزرە ئېيتقاندىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر» دەيدۇ. چۈنكى قىلالمايدىغان ئىشنى دەسلەپتىلا قىلالمايمەن دېگەن ئادەم ئۆزىنى كېيىنكى خىجالەتچىلىكتىن ساقلاپ قالغاندەك، ھاجىتى چۈشكەن ئادەمنىمۇ بىكارغا كۈتكۈزۈپ رەنجىتمىگەن بولىدۇ.

ۋەدە قىلىپ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمايدىغان، سۆز بېرىپ سۆزىدە تۇرالمايدىغان ئادەم قانچىلىك ياخشى، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ مۇناپىقلىق سۈپىتىنى ئۆزىگە ھەمراھ

قىلىۋالغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇناپىقنىڭ سۈپىتى ئۈچتۇر، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش»[1] دەپ كۆرسەتكەن.



سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇتەپەككۇر ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئەرىفى «ھايا ـ تىڭىزدىن ھۇزۇر ئېلىڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق ئىككى قىسسىنى بايان قىلىدۇ: «مەلۇم بىر مەھەللىدە ناھايىتى تەقۋادار، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئالىم كىشى بار ئىدى. ئۇ شۇ مەھەللىدىكى مەسجىدنىڭ ئىمامى بولۇپ، جامائەت ھەمىشە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى، ئۇنى سۆكەتتى. مەن بۇ ئىشقا ھەيران قالاتتىم، بۇنىڭغا بىرەر جاۋاب تاپالمايتتىم. كىشىلەر مەندىن ‹ئى شەيخ! بىزنىڭ ئىمام ناماز ئوقۇمايدۇ، مەسجىدكە كەلمەيدۇ، بۇ قانداق ئىمامدۇ؟› دەيتتى. مەن ئۇلارغا ‹بەلكى ئۇنىڭ بىرەر ئۆزرىسى باردۇر، سىلەر ئۇنداق ئەيىبلەپ كەتمەڭلار› دېسەم، ئۇلار ‹ئى شەيخ! ئۇنداق ئەمەس، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆزرىسى چىقىپ قالامدۇ؟ ئۇ ھەمىشە كەلمەيدۇغۇ بۇ مەسجىدكە؟› دەيتتى. مەن ئاخىرى ئىمامنىڭ مەسجىدكە كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقتىم. بۇ مۇنداق ئىش ئىكەن، ئىمام ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ھەركىمگە ياخشىلىق قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان، ياردەم سۆيەر بىر كىشى بولۇپ، ئۇ جامائەتنىڭ دەرد ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىكەن ۋە ھەممىسىگە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بېرىدىكەن. ھېچبىر ئىشنى قىلالمايمەن ياكى قولۇمدىن كەلمەيدۇ ۋەياكى ۋاقتىم يەتمەيدۇ، دېمەيدىكەن، ھەممىسىگە ۋەدە بېرىپ ئۇلارنى خوش قىلىدىكەن، بىرىنىڭ ئىشىقا ئورۇنلىشالماي قالغان بالىسىنى بىر ھەپتە ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرسە، يەنە بىرىنىڭ كېسەللىنى بىر ئىككى كۈن ئىچىدە بىكارلىق دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىدىكەن، يەنە بىرىنىڭ تۆلىيەلمەي قالغان ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن بىر كۈن ئىچىدە پۇل تېپىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىدىكەن. ئەمما بۇ ئىمام ئۆزى ئاددىي بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتە نە نوپۇزى، نە ھۆكۈمەتتە تونۇشى، نە بىرەر ۋاستىسى يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ھېچكىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرەلمەيدىكەن. ئۆزى ۋەدە قىلغان ۋاقىت توشقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنى خىجىل قىلغىلى تۇرىدىكەن، ئەمما ئۇ ئىمام ھېچكىمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ، بارا - بارا جامائەتتىن يىراق تۇرۇشنى خالاپ قالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇ بەزىدە كۈنلەپ، ھەتتا ھەپتىلەپ مەسجىتكە يولۇمايدىكەن. ئاندىن جامائەت ئۇنىڭ دەردىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنى ئەيىبلەپ، «ناماز ئوقۇمايدىغان ئىمام، مەسجىدكە كەلمەيدىغان ئىمام» دەپ ئۇنى سۆكىدىكەن.

ئىككىنچى قىسسە شۇكى، مەن رىياد شەھىرىدىكى ھەربىي رايونىدا لېكسىيە سۆزلىگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، مەن قايتاي دەپ تۇرسام بىر كىشى ماڭا دەيدىغان مۇھىم سۆزى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ دەرھال ئېيتىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئەمما ئۇ كىشى «ياق، ئى شەيخ! بۇ سۆزنى بۇ يەردە دېگىلى بولمايدۇ. ئاڭلىسام ئەتە سىز پالانى شەھەردە لېكسىيە سۆزلەيدىكەنسىز،

مەن شۇ يەرگە باراي، شۇ يەردە بۇ سۆزۈمنى ئېيتاي› دېدى. مەنمۇ ماقۇل دەپ ئايرىلدىم. ئەتىسى راست دېگەندەك ئۇ كىشىنى لېكسىيەدىن كېيىن كۆز ئالدىمدا ئۇچراتتىم. ئۇنى دەرھال تونۇدۇم، يەنىلا ئۇ كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ‹تونۇگۈن مەن سىزگە كېلىمەن دېگەن ئىدىم مانا كەلدىم› دېدى. مەن بۇ كىشىنىڭ شۇنچىلىك ئۇزۇن يولدىن كەلگەنلىكىگە قاراپ بەك مۇھىم سۆزى بار ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم. ئۇ كىشى سۆزىنى باشلاپ، قولىدىكى قەغىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ‹ئى شەيخ! مېنىڭ بىر ئىنىم تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئىدى، ئىش تاپالمىدى، شۇنىڭغا ئىش تېپىپ بەرگەن بولسىڭىزكەن› دېدى. مەن ‹مۇشۇ گەپمىدى؟› دېدىم، ئۇ ‹ھەئە، مۇشۇ گەپ ئىدى› دەپ مېنىڭ جاۋابىمغا تەلمۈرۈپ تۇردى. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىش تاپالمىغان يەردە، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بۇ بالىغا ئىش تېپىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئەلۋەتتە بىلەتتىم. ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇم كەلگەن بولسىمۇ، قولۇمدىن كەلمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇ كىشىگە تولۇپ تاشقان ھېسسىياتىم بىلەن جاۋاب بېرىپ، بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹سىزنىڭ ئىنىڭىز مېنىڭ ئىنىمدۇر، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇم بار، ئەمما مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مېنىڭ بۇ ئۆزرەمنى خاپا بولماي قوبۇل قىلسىڭىزكەن› دېدىم. ئۇ كىشى ‹ئى شەيخ! تىرىشىپ باقسىڭىز بەلكى قولىڭىزدىن كېلىپ قالار› دەپ چىڭ تۇردى، مەن ‹بۇ مۇمكىن ئەمەس، قولۇمدىن كەلمەيدۇ، خاپا بولماڭ› دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى: ‹ئۇنداقتا، بۇ دىپلومنىڭ

سۈرىتىنى ئېلىۋېلىڭ، ئەگەر ئىش تاپسىڭىز بىزگە خەۋەر قىلغايسىز› دېدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، مېنى ئۈمىدىنىڭ ئاغامچىسىغا باغلىغانلىق ئىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا: ‹ياق، دىپلوم سىزدە قالسۇن، سىز مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى ئېلىۋېلىڭ. ئەگەر ئىش تاپسىڭىز ماڭا تېلېفون قىلىڭ، مەن ۋاستە بولۇپ بېرەي› دېدىم. ئادەم قاتتىق خۇشال بولدى. ئاندىن بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى ھەمىشە ئاق قىلسۇن شەيخ! رەھمەت سىزگە، ئىلگىرى مەن پالانى ئەمىرگە بۇ ماۋزۇدا يالۋۇرۇپ مۇشۇ دىپلومنىڭ بىر سۈرىتىنى بەرگەن ئىدىم، بىر يىلدىن ئاشتى ھېچ گەپ يوق، يەنە پالانى ساقچىغا يەنە مۇشۇ دىپلومنىڭ سۈرىتىنى بېرىپ ئۇنى كۈتتۈم، ئەمما بىر قانچە ئاي بولدى، ئۇمۇ ھېچبىر خەۋەر قىلمىدى. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلار بىزدەك ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ›. مەن ‹ئاللاھقا شۈكرىكى، ئۇنىڭ قولىدىكى دىپلومنى ئالماپتىمەن. ئەگەر ئېلىپ سالغان بولسام، لەنەتلىنىدىغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ قالىدىكەنمەن› دېدىم ئىچىمدە»[1].

شۇڭا، دەيمىزكى، ئاخىرىدا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغاندىن كۆرە، باشتىلا «قىلالمايمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتقان ياخشى.



ئىنسان ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بىلىشى، ھەركىمگە ئوچۇق سۆزلۈك بولۇشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك

(1) ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفىنىڭ «ھاياتىڭىزدىن ھۇزۇرلىنىڭ» ناملىق ئەسىرى،220 ـ 224 ـ بەتلەر.

چوڭ ئىشلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئۆي ئىچىدىكى كىچىك ئىشلاردىمۇ شۇنداق ئوچۇق سۆزلۈك بولۇش كېرەك. مەسىلەن: سىز ئەتىگە ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققان ۋاقتىڭىزدا، ئايالىڭىز نان، سۈت، شېكەر، ئوت ـ ياش ئېلىپ كېلىڭ، دېسە، بالىڭىز دادا ماڭا چوكولاتا ئېلىپ كەلگىن، دېسە، سىز ھەممىگە «ماقۇل، تامام» ، «بولىدۇ، چاتاق يوق» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىسىز. سىز بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ۋاقىتتا ئورۇنداپ بولالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، «ماقۇل» دەپ ئۇلارنى خۇشال قىلىسىز. ئاندىن ئىشتىن كەلگەندە، ۋاقتىم يەتمىدى، دۇكانلار يېپىلىپ قاپتىكەن، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دەپ ئۆزرە ئېيتقىلى تۇرىسىز. سىز ئۆزىڭىزنى بۇنداق قىينىغاندىن كۆرە، ئەتىگەندىلا، ئۇلارغا: «بۈگۈن ئەكىلەلمەيمەن» دەۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزنىمۇ، ئائىلىڭىزدىكىلەرنىمۇ راھەتلەندۈگەن بولىسىز.

توققۇزىنچى رېتسېپ

# شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەڭ



سىز ھەرگىز شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەڭ، چۈنكى ئەگەر سىز شۆھرەتكە بېرىلسىڭىز، بۇ يولدا كۆپ بەدەل تۆلەپ كېتىسىز. نۇرغۇن كىشىلەر مەشھۇر بولۇش ئۈچۈن، نام چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ، ئەمما ئاخىرىدا تۆلىگەن بەدىلىگە يارىشا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار ۋاقىتلىق ئابرۇي قازانغىنى بىلەن، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، خۇددى ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ توغرىسى، سىز مەشھۇر ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، مۇھىم ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ. چۈنكى شۆھرەت دېگەن تۈتۈنگە ئوخشايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ تۇرمايدۇ، تېزلا يوقاپ كېتىدۇ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. شۆھرەتپەرەسلىكتىن سىزگە ياكى باشقىلارغا پايدا كەلمەيدۇ. شۆھرىتىڭىز چىققاندا سىز بىر مۇددەت ئۆزىڭىزنى خوش قىلىسىز، خالاس. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۆھرەت تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. ئەمما ئەگەر سىز مۇھىم ئادەم بولسىڭىز، ھەر زامان سىزنىڭ قەدىر - قىممىتىڭىز بولىدۇ، كىشىلەر سىز ئارقىلىق ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ، سىزنى ئەزىزلەيدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئىزدەپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز سائادەتكە ۋە خۇشاللىققا تولىسىز، ئاللاھ تائالامۇ سىزدىن رازى

بولىدۇ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ بەخت ـ ھە!

بىر پسىخولوگ مۇنداق دېگەن: «پاكار ئادەمنىڭ سايىسى ئۆزىدىن ئېگىزكى ھەسسە بولۇپ كۆرۈنگەن ۋاقىت دەل كۈن پاتقىلى ئاز قالغان ۋاقىتتۇر». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، سىز ئۆزىڭىزنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ھەجىمىدىن بەك چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغىڭىزدا، سىز تۈگەشكەن بولىسىز، خۇددى كۈن پاتقاندەكلا سىزنىڭ قۇياشىڭىز پاتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىش مۇناپىقلارنىڭ ئىشىدۇر. ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ وَإِذَا قَامُواْ إِلَى الصَّلاَةِ قَامُواْ كُسَالَى يُرَاؤُونَ النَّاسَ وَلاَ يَذْكُرُونَ اللّهَ إِلاَّ قَلِيلاً﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار نامازغا تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئاللاھنى بەك ئاز ياد ئېتىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَّيُحِبُّونَ أَن يُحْمَدُواْ بِمَا لَمْ يَفْعَلُواْ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ﴾[2].

### ساختا شان ـ شەرەپ داۋام قىلمايدۇ

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەخت ـ سائادەت ھەقىقىي بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ

(1) نىسا سۈرىسى 142 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 188 ـ ئايەت.

ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن هالەتتىمۇ، بوگۇن ۋە ئەتىدىمۇ داۋاملىق بولۇشى كېرەك. بەختسىزلىكلەر ئۇنى چىرمىۋالماسلىقى ۋە ئۆچ ـ ئادەۋەت ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى يارا قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. شۇندىلا ئۇ تولۇق بولغان بولىدۇ.

ئىران شاھى پارس سەلتەنەتىنىڭ 2500 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، مۇراسىم ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوپۇزى ۋە تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكچى بولغان ئىدى. ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ خانىدانى چاشگاھتىن خۇپتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا باشقىلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. ﴿قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاءُ وَتَنزِعُ الْمُلْكَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن﴾[1].

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاجۇ ـ تەختىدىن، مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ يىراق جايغا پالاندى. كېيىن ئۇ ياتلارنىڭ يېرىدە خارلىقتا ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم ياش تۆكمىدى.



﴿كَمْ تَرَكُوا مِن جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ . وَزُرُوعٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ . وَنَعْمَةٍ كَانُوا فِيهَا فَاكِهِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان

(1) ئىمران سۈرىسى 26-ئايەت.

نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى ﴾[1].

رومىنىيەنىڭ سابىق پىرېزىدېنتى چاۋشېسكۇ ھاكىمىيەت بېشىدا 22 يىل تۇرغان بولۇپ، 70 مىڭ خاس قوغدىغۇچىسى بار ئىدى. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز خەلقى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ﴿فَمَا كَانَ لَهُ مِن فِئَةٍ يَنصُرُونَهُ مِن دُونِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنتَصِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمىدى﴾[2].



فىلىپپىننىڭ سابىق رەھبىرى ماركوس ئۆز خەلقىنى ئېزىش بەدىلىگە، ئۆزى ئۈچۈن ھەددى - ھېسابسىز بايلىق توپلىغان ئىدى، ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاھ ئۇنىڭغا بەختسىزلىك ۋە شەقىيلىكنىڭ تەمىنى تېتىتتى. ئۇ يۇرتىدىن، ئەھلىدىن ۋە سەلتەنەتىدىن ئايرىلىپ، يىراقتا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ پاناھلىنىدىغان جايمۇ تاپالماي، بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆلدى. ئۇنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ئۆز تۇپرىقىغا دەپنە قىلىنىشىنىمۇ رەت قىلدى. ﴿أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھ) ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟﴾[3]. ﴿فَأَخَذَهُ اللَّهُ نَكَالَ الْآخِرَةِ وَالْأُولَىٰ﴾

---

(1) دۇخان سۈرىسى 25-،26-،27-ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 81-ئايەت.
(3) فىل سۈرىسى 2-ئايەت.

يەنى ﴿ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى﴾[1].
﴿فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنبِهِ﴾ يەنى ﴿(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەر بىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق ﴾[2].»

### ئىچىڭىز تېشىڭىزدىن گۈزەل بولسۇن

سىز تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزنى چىرايلىق، گۈزەل قىلىشتىن ئاۋۋال ئىچىڭىزنى پارلاق، چىرايلىق قىلىشقا تىرىشىڭ. چۈنكى مۇھىم بولغىنى سىزنىڭ ئىچىڭىزدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ دىلىغا قارايدۇ. «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەقى - تۇرۇقۇڭلارغا ياكى پۇل - مېلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ»[3]. شۇڭا، ھەر دايىم سىزنىڭ ئىچىڭىز تېشىڭىزدىن گۈزەل، پارلاق ۋە چىرايلىق بولسۇن. ئەكسىچە بولۇپ، سىزنىڭ تېشىڭىز ئىچىڭىزدىن گۈزەل كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغاندا، سىزنىڭ كىرىزىسىڭىز باشلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئىسلامدىن پەقەت شەكىلنىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىسلامنىڭ جەۋھىرىنى چۈشىنىشتىن بەكمۇ يىراقتا. ئۇلار ئىسلامنىڭ سۈرىتىنىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشتىن بەكمۇ يىراقتا. ئۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىدا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىرى پەقەتلا شەكىلدۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە شۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئىچكى دۇنياسى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا، ئۆزىنىڭ

(1) نازىئات سۈرىسى . 25-ئايەت.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 40-ئايەت.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يامان قىلىقلىرىنى تۈزىتىشكە ۋە ئۆزىنى ئىسلام ئەخلاقىغا توغرىلاپ تۈزەشكە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

ئېنىقكى، تاشقى جەھەتتىنمۇ گۈزەل بولۇش ياخشىدۇر. ئەمما بۇ ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە ئەمەس، پەقەت تاشقى سۈرىتىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولۇپ، بۇلارمۇ ئەلۋەتتە مۇھىمدۇر. ئەمما جەۋھىرى ھەممىدىن مۇھىمدۇر. خۇددى مېۋىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پوستى مۇھىم بولغاندەك، جەۋھەرنىڭ شۇ سۈزۈكلىكىدە، شۇ ساپلىقىدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئوراپ تۇرغان تاشقى قاپچۇقىمۇ شۇنداق مۇھىم. ئەمما جەۋھەر بىلەن ئۇنىڭ قاپچۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت پەرقى ھەممىگە ئاياندۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ بىرى ئەسلى مەقسەت، يەنە بىرى ئەسلى مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئەپسۇسكى بەزى كىشىلەر قاپچۇقنى جەۋھەر ئورنىغا قويىۋالىدۇ. بۇ خۇددى مېۋىنىڭ پوستىنىلا مېۋە مۇشۇ دەۋالغانغا ئوخشاش. شۇڭا ئۇلار ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، شەكىلگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۆزىنى تاشقى جەھەتتىن ياخشى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىشنىلا ئويلايدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. مۇنداقلار ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە ۋە ھەقىقىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلاردا دىنىي سىيما، دىنىي ئوبراز كىشىلەرنىڭ كىيىنىشتىكى شەكىلگە قاراپ ئۆلچۈنىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى بىر ئوبدان دىنىي قىياپەتكە كىرگۈزىۋېلىپ، كىشىلەرنى ئالداشقا ئۇرۇنىدىغان، خەلقىمىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان، خەلقىمىزگە قارشى بېسىمدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ

نەزىرىدە ئەللامە، تەقۋادار سانىلىپ كەلمەكتە. ئەمما دىلى پاك، نىيىتى دۇرۇس، تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئادەتتىكىدەك يۈرىدىغان ئاددىي ـ ساددا مۇسۇلمانلار، ھەقىقىي ئىخلاسمەن مۇئمىنلەر كۆزگە ئىلىنماي كەلمەكتە. بۇ خۇددى بېشىغا زامانىۋى شەپكە كىيىۋالغان ئوت يۈرەك شائىر ۋە مۇئمىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بېشىغا ئافغانلارنىڭ باش كىيىمنى (سەللە دەپ) كىيىۋېلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرغان سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق روزى مولللىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. روزى موللا خەلقنىڭ نەزىرىدە موللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنىڭ نەزىرىدە ئەپەندى. ئەمدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن روزا موللا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئوخشاشمىدۇ؟

### ئونىنچى رېتسېپ

# كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىڭ



ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش دىللاردا ئۆچمەس سۆيگۈ - مۇھەببەت قالدۇرىدىغان كاتتا ئىش ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئادەم كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئادەمدۇر، ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئەمەل بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق كىرگۈزۈش ياكى ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋەياكى ئاچلىقىنى تويغۇزۇشتۇر. مەن ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىم بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ،

قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ، بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ قەدىمىنى ئاللاھ قەدەملەر تېيىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە بىر ۋاخ ناماز ئوقۇش ئادەتتىكى مەسجىدلەردە مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق[2]. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى (مەسجىد نەبەۋى) شۇنداق ئۇلۇغ مەسجىدتۇر. شۇنداقتىمۇ، بىرەر ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئاشۇ ئۇلۇغ مەسجىدتە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، بىرەر قىيىنچىلىقى بار كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش كۆپلىگەن ئىبادەتلەردىن ئەۋزەلدۇر ۋە ساۋاب جەھەتتە ئارتۇقتۇر. چۈنكى ئەۋزەل ئەمەلنىڭ ساۋابىمۇ ئۆزىگە لايىق كۆپ، مۇكاپاتى ئېسىل بولىدۇ.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشكە تەشەببۇس قىلىپ: «كىمكى

---

(1) ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە بىر ۋاخ ناماز ئوقۇش ئادەتتىكى مەسجىدلەردە مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن. (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).



بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بەرسە، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ»[1] دېگەن. ئۇ يەنە: «بەندە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ»[2] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ ھەمىشە كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش بىلەن بولاتتى. ھەر قانداق ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىنمايلا ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى سورايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى راۋا قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلاتتى، ھەتتا يولدا كېتىپ بارسىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىمالال ئېيتاتتى. بەزى نامرات كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قول ئىلكىدە بار ساھابىلەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئادەم ھاجىتىنى راۋا قىلماي قايتمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە خەير - ئېھسان قىلىش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولاتتى. چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.



جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، نەجدە تەرەپتىن مۇزەر قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئاچلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن ۋە چارىسىزلىكتىن دەردلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتتىق كەمبەغەللىكتىن كىيىملىرى ناھايىتى كونا ۋە يىرتىق ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، خۇتبىدە ئاللاھ تائالا تەقۋادارلىققا ۋە خەير - ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەردىن بىر قانچىسىنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن جامائەتكە: ‹سەدىقە قىلىڭلار! سەدىقە قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن سەدىقە قىلىۋېلىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار! بىرەر دىنار بولسىمۇ، بىرەر دىرھەم بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، بۇغداي بولسىمۇ، ئارپا بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، بىر خورمىنىڭ يېرىمى بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭلار، سەدىقىدىن ھېچ نەرسىنى ئاددىي سانىماڭلار› دەيدۇ. شۇ چاغدا ئەنسارلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېنىدىكى ھەميانىنى ئۇزىتىدۇ، ھەميانىنىڭ ئېغىرلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى قولىدا ئاران تۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق خۇشال بولغانلىقى

چىرايىدىن جىلۋىلىنىدۇ. ئاندىن باشقا ساھابىلەرمۇ ئۆيلىرىگە كېتىپ ھەممىسى بىر نەرسە ئېلىپ كېلىدۇ، نەتىجىدە ئىككى دۆۋە ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك توپلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، ئاندىن ئۇنى ھېلىقى يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ» [1].




(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئاللاھ تائالاغا توغرا كۆزقاراشتا بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «بەندەم ماڭا قانداق قاراشتا بولسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن، ئۇ ماڭا دۇئا قىلغان چاغدا مەن ئۇنىڭ يېنىدىمەن (يەنى دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن)»[1]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراشتا ۋە توغرا چۈشەنچىدە بولۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىجابىي قاراشتا بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالاغا قارىتا سەلبىي قاراشتا بولغانلار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادىن ئۆزى ئويلىغان مۇئامىلىنى كۆرىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئاللاھ تائالاغا ئۈمىد باغلاپ يېتەرلىك سەۋەبلەرنى ئورۇندىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز




(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يـەردە قويمايـدۇ، بەنـدە ئاللاھ تائالادىـن ياخشـىلىق، مەغپىـرەت ۋە مەرھەمـەت تەلـەپ قىلسا، ئاللاھ تائـالا ئۇنـى ئۈنىڭغـا چوقـۇم بېرىـدۇ. ئەكسـىچە، ئاللاھ تائالانىـڭ رەھمىتىدىـن، مەغپىرىتىدىـن ۋە مەرھەمىتىدىـن ئۈمىدىنى ئۈزسـە، ئاللاھ تائالامـۇ ئۇنـى بۇنىڭدىـن مەھـرۇم قىلىـدۇ.




پسىخولوگىيە ئالىملىرى «كۆزقـاراش تەقدىرنـى ئۆزگەرتىۋېتىـدۇ» دەيـدۇ. بـۇ سـۆزنىڭ مەنىسـى شـۇكى، بىزنىـڭ ھـەر قانـداق بىر ئىشـقا، ھـەر قانـداق بىـر نەرسـىگە بولغـان كـۆز قارىشـىمىز ناھايىتـى مۇھىمـدۇر. چۈنكـى ئىشـلارنىڭ نەتىجىسـىنى بەلگىلەيـدۇ. مەسـىلەن: بىـراۋ دۇنيانـى رەزىل، دۇنيادىكـى ئادەملەرنىڭ ھەممىسـى رەزىـل دېگـەن كۆزقاراشـتا بولسـا، ئـۇ ئـادەم دۇنيـادا رەزىللىكنىـلا كۆرىـدۇ ۋە رەزىـل ئادەملەرنـىلا ئۇچرىتىـدۇ، دۇنيانىـڭ گۈزەللىكىنى ۋە دۇنيـادا ياخشـى ئادەملەرنىـڭ بارلىقىنـى كۆرمەيـدۇ. ئـۇ ھـەر قەدەمـدە ئۆزىنىـڭ شـۇ ئېتىقادىنـى ئىسپاتلاشـقا تىرىشـىدۇ، شـۇڭا ئۇ گۈزەللىكنـى كۆرمـەي، رەزىللىكنىـلا كۆرىـدۇ. ئەگـەر ئـۇ ئـادەم دۇنيا گـۈزەل، دۇنيادىكـى ئادەملـەر ياخشـى دېگـەن كۆزقاراشـتا بولسـا، ئـۇ دۇنيانىـڭ گۈزەللىكىنـى كۆرىـدۇ ۋە ياخشـى ئادەملەرنـى ئۇچرىتىـدۇ. چۈنكـى ھەربىـر ئـادەم بىلىـپ ـ بىلمـەي ئۆزىنىـڭ كۆزقارىشـىنى ئىسـپاتلاش ئۈچـۈن تىرىشـىدۇ ۋە شـۇ يولـدا ھەرىكـەت قىلىـدۇ، ئاخىرىـدا ئـۆزى دەسـلەپ ئويلىغىنىنـى تاپىـدۇ. شـۇڭا دېيىمىزكـى،

ئاللاھ تائالاغا بولغان كۆزقارىشى توغرا ۋە ئىجابىي بولغان ئادەم ئاللاھ تائالادىن چوقۇم ئۆزىنىڭ كۈتكەنلىرىگە ئېرىشىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ كېسەللىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاللاھ خالىسا ساقىيىپ قالىسىز» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغا ھېلىقى سەھرالىق ئەرەب: «سەن مېنى ساقىيىسەن دەۋاتامسەن؟ ياق، بۇ چېكىگە يەتكەن قىزىتما، مەندەك قېرى ئادەمنى قەبرىگە ئېلىپ بارىدىغان كېسەلدۇر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شۇنداق بولغاي ئەمىسە»[1] دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۆلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ قانداق قاراشتا بولغانلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلغان. ئەگەر بۇ ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ شىپالىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئىجابىي بولغان بولسا، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ شىپا تېپىشىغا دۇئا قىلغان بولار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

بىر يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «ئۈمىد دېگەن سەۋرنىڭ خۇرۇچى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسىدۇر، شۇنىڭدەك، ئۈمىدنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئامىلى ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراشتا بولۇشتۇر. بىز ھامان ئىسىل كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرىمىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىتا توغرا قاراشتا بولغان كىشىلەرنى كۈتۈرىدۇ ۋە ئۆزلىرىدىن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىلەرنى تاشلىۋېتىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىشلار شۇنداق بولغان يەردە، بىز نېمىشقا ئارزۇ قىلغۇچىلارغا ھەسسىلەپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ بېرىدىغان ئاللاھنى ئىزدىمەيمىز؟!»

بەزى كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراشتا بولۇش دېگەننى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، سەۋەب قىلمايلا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋالىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئۆيلەنمەي، ئايال جىنسىغا يېقىنلاشماي تۇرۇپ، پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر.

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىيە «شىپالىق سورىغانلارغا يېتەرلىك جاۋاب» ناملىق ئەسىرىدە، ئاللاھ تائالاغا توغرا قاراشتا بولۇش بىلەن مەغرۇرلۇقنىڭ پەرقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا قارىتا توغرا قاراشتا بولۇش بىلەن مەغرۇرلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئوچۇقتۇر. سىزنىڭ ئاللاھقا قارىتا كۆزقارىشىڭىز ۋە چۈشەنچىڭىز سىزنى تائەت ـ ئىبادەتكە، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئېلىپ بارسا، بۇ ئاللاھقا قارىتا توغرا قاراش بولىدۇ، ئەگەر سىزنىڭ ئاللاھقا قارىتا كۆزقارىشىڭىز سىزنى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىۋېلىپ يامان ئىش قىلىشقا ئېلىپ بارسا، بۇ مەغرۇرلۇقتۇر. ئاللاھقا بولغان ئۈمىدىڭىز سىزنى توغرا يولدا ئىزچىل داۋام قىلىشقا ئۈندىسە، بۇ توغرا ئۈمىدتۇر. ئەگەر سىزنىڭ ئاللاھقا بولغان ئۈمىدىڭىز سىزنى تائەت ـ ئىبادەتلەرنى

ئاز قىلىشقا، گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىشقا ئۈندىسە، بۇ مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغانلىقتۇر. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئىجارىگە بەرسە پايدىسى كېلىدىغان تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئۇنى ئىجارىگە بەرمەي تاشلاپ قويسا ۋە ئاللاھقا قارىتا توغرا قاراشتىمەن، ئاللاھ بېرىدۇ، دەپ كۈتۈپ ياتسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تېرىم يېرىنى بىكار قويۇپ زىيان تارتقىنى تارتقاندۇر. مۇنداق ئادەمنى كىشىلەر ئەخمەق دەيدۇ.


سىز شۇ جايدا بولغان بولسىڭىز چوڭ ئوغۇلغا نېمىلەرنى دېيەتتىڭىز؟
كىچىك ئوغلى سۇ ئېلىپ كەلگەندىن بوۋاي كېيىن نېمە دېدى؟
بوۋاينىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ قانداق خاراكتېرىنى خۇلاسىلىغىلى بولىدۇ؟

شۇنىڭدەك، بىراۋ ئاللاھـتىن ئۈمىد كۈتىمەن دەپ، ئايال جىنسىغا يېقىنلاشماي تۇرۇپ پەرزەنت كۆرۈمەن دېسە ياكى ئوقۇماي تۇرۇپ ئالىم بولىمەن دېسە، مۇنداق ئادەمنى كىشىلەر ئەقىلسىز دەيدۇ. يەنە بىراۋ ئاللاھ تائالاغا توغرا قاراشتا بولۇپ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى، جەننىتىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇندىمىسا، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرمىسا، مۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نە رەھمىتىگە، نە جەننىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گەپنىڭ خۇلاسىسى، ئاللاھقا قارىتا توغرا قاراشتا بولۇشنىڭ ۋە ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ نەتىجىسى سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ»[1].

(1) ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىيەنىڭ «شىپالىق سورىغانلارغا يېتەرلىك جاۋاب» ناملىق ئەسىرى، 74 ـ بەت.

ئون ئىككىنچى رېتسېپ

# غورىدىن ھالۋا ياساشنى بىلىۋېلىڭ



ھاياتلىق مۇساپىسىدە ھەمىشە خۇشاللىق، ھەمىشە ئۇتۇقلا بولمايدۇ. ئىنسان بەزىدە ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان ـ زەخمەتلەرگە، مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. زىيان ـ زەخمەت ئاچچىق، مەغلۇبىيەت ئاچچىق، پىلانىڭ بەربات بولۇشى ئاچچىق، دېمەك زىيان تارتىش شۇنداق ئاچچىق نەرسە.

ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك چىقارغاندەك، غورىدىن ھالۋا ياسىغاندەك بۇ ئاچچىق زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرالايدۇ.



ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىغا چىققان قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنى كۆرۈپ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىشقا سالالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار بىلسە ئىدى، قىيىنچىلىقلار ۋە توسقۇنلۇقلار يوشۇرۇن تالانتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان مەيداندۇر. نۇرغۇنلىغان تالانتلار قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق ئىچىدە بىخ ئۇرۇپ چىققان. دالى كارنېگ مۇنداق دەپ يازغان ‹كاتتىلار ۋۇجۇدقا چىقارغان غەلىبىلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرەردىن كەمچىللىك ھېس قىلىشنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئوتتۇرىغان چىققان. مەسىلەن: شائىر مىلتون ئەگەر ئەما بولمىغان بولسا، شۇ مەشھۇر شېئىرنى يازالمىغان بولار ئىدى. بېتخوۋېن پاڭ بولمىغان بولسا، شۇ مەشھۇر مۇزىكا ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولار ئىدى›. چۈنكى بۇ مېيىپ ئىنسانلار ئۆزلىرىگە كەلگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتنى قوبۇل قىلغان. ئاندىن ئۆزلىرىدىكى كەملىكنى تالانتقا، ئاچچىقنى تاتلىق شارابقا ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. مانا بۇ ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك ياسىغانلىقتۇر.»

## تالانتنى قىيىنچىلىقلار تۇغدۇ

دالى كارنېگ ئېمرسوننىڭ «ئىجادىيەتنىڭ سېھرى»[1]

(1) رالف ۋالدو ئېمرسون (1803 - 1882) ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ.



ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلاردىن خالىي بولغان مۇقىم تۇرمۇش ئۇلۇغ ئادەملەرنى يارىتىدۇ دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ ئىش تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى ئۇلۇغ ئادەملەرنى ۋە نادىر تالانتلارنى پەقەت قىيىنچىلىقلار بىلەن توسقۇنلۇقلار يارىتىدۇ. ئۆزگىچە مەرسىيە ئوقۇشقا ۋە تۇرمۇشتىن شىكايەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار قاتمۇقات يىپەكنىڭ ئۈستىدە يېتىپ راھەتلەنسىمۇ، يەنىلا مەرسىيەسىنى ۋە شىكايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. تارىخ گۇۋاھكى، ئۇلۇغلۇق بىلەن سائادەت ئۆز تىزگىنىنى ياخشىسىمۇ بار، يامىنىمۇ بار ۋە ياخشىسى بىلەن يامىنى پەرق ئېتىلمەيدىغان مۇھىتلاردا ئۆسكەن ئەزىمەتلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان.»

### ئىنسانلار بىر خىل ئەمەس

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەركىمدە ئاچچىقنى تاتلىققا، قايغۇنى خۇشاللىققا ئۆرۈيەلەيدىغان قۇۋۋەت يوق. دەرتلىنىشكە ۋە شىكايەتكە ئادەتلىنىپ قالغانلارنىڭ مۇنداق قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت قەلبى چوڭ، سەۋرىسى تولۇق ۋە ئىرادىلىك ئىنسانلار شۇنداق قىلالايدۇ. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچى ئۆلىماسى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئۆزىنىڭ تۇرمىدىكى ھاياتىنى تەسۋىرلەپ: ‹مېنىڭ تۇرمىگە تاشلانغانلىقىم مەن ئۈچۈن خىلۋەت، يۇرتۇمدىن پالانغانلىقىم مەن ئۈچۈن ساياھەت،

تارتقان جاپالىرىم رىيازەتتۇر› دېگەن ئىكەن.»

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمام ئەزەم تۈرمىگە تاشلانغان ۋە ھاياتىنى تۈرمىدە ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى. ئۇ كېيىن ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسىغا ئايلاندى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل زىندانغا قامالغان ۋە قامچىلانغان ئىدى. بىراق ئۇ كېيىنچە ئەھلى سۈننەت مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئىبنى تەيمىييە تۈرمىگە ئېلىنغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ تۈرمە ھاياتىدا زور مەنىۋى بايلىق توپلاپ ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا ئۆلىماسىغا ئايلاندى؛ ئىمام سەرەخسىي سۈيى تارتىلىپ كەتكەن قۇدۇققا تاشلانغان ئىدى، كېيىنچە ئۇ ئىسلام فىقھشۇناسلىقى توغرىسىدا يىگىرمە توملۇق ئەسەر يازدى؛ ئەللامە ئىبنى ئەسىر پالەچ تۇرۇپمۇ «جامىئۇل ئۇسۇل» دەك كاتتا ئەسەرنى يازغان ۋە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان «نىھايە» نى تۈزگەن ئىدى؛ ئەللامە ئىبنى جەۋزى باغداتتىن قوغلىنىپ قۇرئاننى يەتتە خىل



قىرائەت شەكلىدە ئوقۇيالايدىغان بولغان؛ مالىك ئىبنى رىب ۋابا كېسىلى تەگكەندە، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكى شائىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شېئىرلىرىغا باراۋەر كەلگۈدەك گۈزەل ھەم مەشھۇر قەسىدىسىنى دۇنيا ئەھلىگە مىراس قالدۇرغان؛ ئەبۇ زۇئەيبىل باللىرى قازا قىلغاندا، باللىرىغا ئاتاپ بىر پارچە مەشھۇر

مەرسىيەسىنى يېزىپ، تارىخقا قەيت قىلىنغان.

بەختسىزلىك سىزنى قورشىۋالغان چاغدا، سىز مەسىلىنىڭ يورۇق تەرىپىگە نەزەر سېلىڭ. ئەگەر بىراۋ سىزگە بىر ئىستاكان لىمون شەربىتى سۇنسا، سىز ئۇنىڭغا بىر سىقىم شېكەر قوشۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئەگەر سىزگە بىر يىلاننى سوۋغا قىلسا، ئۇ يىلاننىڭ قىممەتلىك تېرىسىنى سويۇۋېلىپ، قالغان قىسمىنى تاشلىۋېتىڭ.

فرانسىيە ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، ئىككى داڭلىق شائىر شۇملۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىپ تۈرمىگە سولانغان ئىكەن. ئۇ ئىككىلىسى بىرلا ۋاقىتتا كامىرنىڭ دەرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۈمىدۋار، يەنە بىرى بولسا ئۈمىدسىز كىشى ئىكەن. ئۈمىدۋار كىشى يۇلتۇزلارغا شۇنداق بىر نەزەر سېلىش بىلەنلا كۈلۈپتۇ. ئۈمىدسىز كىشى كوچىدىكى پاتقاقنى كۆرۈپ يىغلاپتۇ. ئۈمىدسىز كىشىنىڭ پاجىئەلىك تەرىپىگە قارىسىڭىز، ئۇ مەسىلىنىڭ يامان تەرىپىنىلا كۆرگەن. ئۇنۇتماڭكى، يامانلىق خاس ھالدا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى يامانلىقتىمۇ ياخشىلىق، غەلىبە قاتارلىقلارمۇ مەۋجۇتتۇر.»

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ياپونىيەدە بىر مىنىستىر ئۆتكۈزۈۋېلىپ قويغان بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن جازالىنىپ، ھوقۇقىدىن ئېلىنىپ تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «مىنىستىر بولغاندىن كېيىن تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەش قانداق ئىكەن» دەپ مەسخىرە قىلغاندا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىدىن

پەخىرلەنگەن هالدا: «مەن تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، مەن پۇقرالارنىڭ تەن ـ سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تىرىشىۋاتقان بىر ئادەممەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. چۈنكى بۇ ئادەم ئۆزىنى بىر ئادەتتىكى تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، بەلكى دۇنيانى پاك ـ پاكىز قىلىدىغان مۇھىم بىر ئادەم دەپ سانىغان. ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى، ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىنى شۇنداق سۆيىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ خىزمىتى، ئىشى، كەسپى ۋە ھۈنىرى ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى ھەۋەس ۋە خۇشاللىق ھالىغا كەلگەندە ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىشىدىن بەخت ـ سائادەت ھېس قىلالايدۇ. دېمەك، ئاساسلىق مەسىلە ۋەقەلىكلەرنى تەرجىمە قىلىشتا. ئەگەر بىز بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلارنى توغرا تەرجىمە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئىجابىي كۆزقاراشتا بولىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلاردىن بىزنى خوش قىلىدىغان ئەھۋاللارنى تاپالايمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئوخشاش پۇل ـ سەرپ قىلغان ئىككى ئادەمنىڭ ئىككى خىل ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنَ الْأَعْرَابِ مَن يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغْرَمًا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ الدَّوَائِرَ عَلَيْهِمْ دَائِرَةُ السَّوْءِ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ . وَمِنَ الْأَعْرَابِ مَن يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ قُرُبَاتٍ عِندَ اللَّهِ وَصَلَوَاتِ الرَّسُولِ أَلَا إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَّهُمْ سَيُدْخِلُهُمُ اللَّهُ فِي رَحْمَتِهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ

بېشىڭلارغا هادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، (ئۇلار كۈتكەن) يامان هادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن! ئاللاھ هەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، هەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشىنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾[1]. يۇقىرىقى ئىككى پىرقە هەر ئىككىلىسى ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئاۋۋالقىلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋابنى ئۈمىد قىلمىغان، شۇڭا بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق دەپ قارىغان. كېيىنكىلەر بولسا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت




كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق هاسىل قىلىش،

(1) تەۋبە سۈرىسى 98 - 99- ئايەتلەر.

ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە مۇيەسسەر بولۇش نىيىتى بىلەن بەرگەن. شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلغانلىقىنى ئىبادەت دەپ قارىغان. ئىش ئوخشاش بولغان، ئەمما نىيەت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نەتىجە ئوخشاش بولمىغان.




ئون ئۈچىنچى رېتسىپ

# ھەر ئىشتا ئۈمىدۋار بولۇڭ

ئۈمىد دىلنى راھەتلەندۈرىدىغان، كۆڭۈلنى شاد قىلىدىغان، ئىرادىنى كۈچەيتىدىغان، ئادەمنى كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزىدىغان سېھىرلىق نەرسىدۇر. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىمان بار قەلبتە چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ھەر ئىشتا، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئەڭ ئاۋۋال خارلىقنى ئەزىزلىققا، پېقىرلىقنى بايلىققا، ئاجىزلىقنى قۇدرەتكە، قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا، قۇللۇقنى ھۆرلۈككە ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان ئىلىم - ھېكمەتلىك، چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتلىك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قولدىشىدۇر. تارىخلار گۇۋاھكى، ئۈمىد كىشىلەرنى كۆز يەتمىگەن ئارمانلارغا ئېرىشتۈرگەن. بىز ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر



«قۇرئان كەرىم» نىڭ خەۋەرلىرىدۇر. ئەلۋەتتە. «قۇرئان كەرىم» مەقسەتكە يېتىشتە ئۈمىدنىڭ قانداق چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىزگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى قىسسەلەرنى بايان قىلغان. بۇقىسسەلەردىن بەزىسىنى مىسال

ئۈچۈن قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنى پايدىلىق دەپ ئويلايمەن.

### ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلدى، ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام قېرىپ ھەتتا كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى، بىراق يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشتىن ئىبارەت چىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ: ﴿عَسَى اللّهُ أَن يَأْتِيَنِي بِهِمْ جَمِيعًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ (يۈسۈف، بۇنيامىن ۋە رۇبىل قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئۈمىدىنى يېڭىلاپ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ تۇردى. يېنىدىكى ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق ئۈمىدتىن ۋازكېچىشىنى تەلەپ قىلغىنىدا، ئۇ بالىلىرىغا: ﴿يَا بَنِيَّ اذْهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلاَ تَيْأَسُواْ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۈسۈفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾[2] دەپ ئۇلارنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى. ئاخىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تېپىلىشى بىلەن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى گۈل ئاچتى.

### مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

---

(1) يۈسۈف سۈرىسى 83 - ئايەت.
(2) يۈسۈف سۈرىسى 87 - ئايەت.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى باشلاپ مىسىردىن پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، ئارقىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەريا، ئارقىسىدا دۈشمەن، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا سىقىلىپ قالغىنىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئەمدى بىز تۈگىشىدىغان بولدۇق دەپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشىدۇ، شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾ يەنى ﴿ئەسلا ئۇنداق



بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ماڭا يول كۆرسىتىدۇ﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە چوقۇم قۇتۇلىدىغانلىق ئۈمىدىنى ئۇلارغا خاتىرلىتىدۇ. نەتىجىدە ۋەقەلىك قۇرئان بىزگە سۆزلەپ بەرگەندەك بولىدۇ: ﴿فَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنِ اضْرِب بِّعَصَاكَ الْبَحْرَ فَانفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَالطَّوْدِ الْعَظِيمِ . وَأَزْلَفْنَا ثَمَّ الْآخَرِينَ . وَأَنجَيْنَا مُوسَى وَمَن مَّعَهُ أَجْمَعِينَ . ثُمَّ أَغْرَقْنَا الْآخَرِينَ﴾ يەنى ﴿بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەربىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى توپ (پىرئەۋننىڭ قوشۇنى) نى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق. مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بولسا، پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى توپنى غەرق قىلدۇق﴾[2].

(1) شۇئەرا سۈرىسى 62 - ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 63 - 66 - ئايەتلەر.

## ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى




ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغىنىدا، ئۆزى بىلەن قوشقاندا ئارانلا تۆت كىشى ئىدى. ئۇ مەككىدە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا 13 يىل دەۋەت بىلەن مەشغۇل بولدۇ، ئۇنىڭ دەۋىتى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مەسخىرىلىرىگە، ئۆزى ۋە ساھابىلىرى ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا ئۇچرايدۇ، ساھابىلارنى بۇ يېڭى دىندىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئازاپلار ۋە بېسىملار چېكىدىن ئاشىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىنىنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز دىنىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ساھابىلىرىنى ۋاقتلىق ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغىنىدا، تولۇق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بىر كۈنى چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ يېڭى دىننى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ قويۇش سۈيقەستلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىدۇ: تاشقىرىدىن قۇرەيش ۋە غەتفان قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ياندىشلىرى؛ ئىچىدىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار بىرلىشىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد




ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بىرلەشمە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەركىم ئۆز جېنىنى قوغداپ قېلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. شۇنداق جىددىي سائەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاۋېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە بولغان چىن ئىمانى ۋە تولۇق ئۈمىدى بىلەن، ساھابىلىرىغا ئەتىكى غەلىبىلەردىن، كېلەچەكتىكى پەتھلەردىن، ھەتتا پارس ۋە رۇم ئىمپىراتورلۇقلىرىنى يېڭىدىغانلىقىدىن سۆزلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن روھىي ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ، ئىشەنچ بىلەن ئىشلىرىغا داۋام قىلىدۇ، مۇناپىقلار بولسا: «مۇھەممەد كېلەچەكتىكى غەلىبىلەردىن سۆز ئاچىدۇ، ھالبۇكى، بىز ھازىر ئۆز جېنىمىزنى مۇداپىئە قىلالمايۋاتىمىز» دەپ ئۇنىڭ ۋەدىلىرىدىن شەكلىنىدۇ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، مۇسۇلمانلار ئىچكى دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، پارس ۋە رىم ئىمپىراتورلۇقلىرىنىمۇ تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلۇقىدىن ئازات قىلىپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد قىلىشتەك ئىنسانىي ئەزىزلىققا ۋە ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەمراھى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت يولىدا بىر غارغا كىرىۋالىدۇ، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن مۇشرىك كۇچلىرى ئۇلارنىڭ ئىزىنى تېپىۋالىدۇ ۋە غارنىڭ ئالدىدا توختاپ: «مۇھەممەد چوقۇم مۇشۇ جايدا بار، بۇ جايدىن باشقا يەرگە كېتەلىگىنى يوق. ئەگەر ئۇ مۇشۇ جايدىن تېپىلمىسا، يا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ياكى يەرگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ» دېيىشكەندە، ئەبۇ بەكرى قورقۇپ كېتىپ: «ئۇلار تۆۋەن تەرەپكە بىرلا قارىسىلا بىزنى ئەلۋەتتە تېپىۋالىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا بولغان تولۇق ئىشەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا بولغان چىن ئۈمىدى بىلەن ئۇنىڭغا: ﴿لاَ تَحْـزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا﴾ يەنى ﴿غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئۇلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى خاتىرلىتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككىسى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشمەستىن، مەدىنىگە سالامەت يېتىپ بارىدۇ.

دېمەك، ئۈمىد ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا ئايلاندۇرىدىغان، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، ھۇرۇنلۇقنى تىرىشچانلىققا ئۆزگەرتىدىغان، روھنى ئۈستۈن كۆتىرىدىغان ۋە مەقسەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان سېھرلىق كۈچتۇر.

ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى، كەشپىياتلارنىڭ ئېچىلىشى، تۈرلۈك يېڭىلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاسارەتتىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ئۈچۈنمۇ

(1) تەۋبە سۈرىسى 40- ئايەت.

ئۈمىدنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئەگەر ئالىملار ۋە كەشىپىياتچىلار ئۆز زامانلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە كۆپايە قىلىپ، كېلەچەك ئۈچۈن ئىزدەنمىگەن ۋە ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن بولسا ئىدى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغان، مەجھۇللار يېشىلمىگەن، كەشىپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە يېڭىلىقلار ئىجاد قىلىنمىغان بولاتتى. ئىنسانلار زامانىمىزدىكىدەك، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى.




خۇددى ئۈمىد ئىماننىڭ قولدىشى بولغاندەك، ئۈمىدسىزلىك كۇفرى - نىڭ جۆرىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىزمۇ: «ئۈمىدسىز شەيتان» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۈمىدسىزلىك بىلەن، كۈپرىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن سەۋەبچىدۇر. ئۈمىدسىزلىك كۈپرىلىقنى كەلتۈرىدۇ، كۈپرىلىق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھالاكەت ئىككى ئىشتا: ئۇنىڭ بىرى، ئۈمىدسىزلىك؛ يەنە بىرى، مەغرۇرلۇق» دېگەن ئىكەن. ئىمام غەززالى ئۇنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈمىدسىزلىك بىلەن، مەغرۇرلۇقنىڭ ھالاكەت ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغانلىقىدىكى سىر شۇكى، يەتمەكچى بولغان ھەر قانداق ئارزۇ - ئارمان پەقەت ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئىزچىل تىرىشىش ۋە سەۋەب قىلىش ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ. ھالبۇكى،

ئۇمىدسىزنىڭ ئېتىقادىدا ئۇ يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئۇنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇمىدمۇ قىلمايدۇ، سەۋەبمۇ قىلمايدۇ. مەغرۇر ئۆزىنى مەقسەتكە يەتتىم، دەپ ئويلايدۇ، شۇڭا ئۇ باشقىسىنى تەلەپ قىلمايدۇ ۋە ئۇمىدمۇ قىلمايدۇ، چۈنكى بار نەرسە سورالمايدۇ. ئارزۇ ـ ئارمان ئۇمىدسىزنىڭ ئېتىقادىدا مۇمكىن ئەمەس، مەغرۇرنىڭ ئېتىقادىدا ھاسىل بولغان نەرسىدۇر».

بىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان مىساللار كۆپتۇر. مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا قازىنىش ئۇمىدىنى يوقاتقان ۋاقىتتا، ئۇ، ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، كىتاب، دەپتەر، قەلەم، مەكتەب دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن زېرىكىدۇ، بۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچە قىلسىمۇ بەربىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا قىلىنغان نەسىھەت، تەربىيە، مۇناسىپ مۇھىت، ئالاھىدە خۇسۇسى دەرسلەرنىڭ ھېچبىرى پايدا بەرمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە بولغان ئۇمىدى قايتىدىن تۇغۇلغاندىلا، دەرسكە كىرىشەلەيدۇ. شىپا تېپىشىدىن ئۇمىدى ئۈزۈلگەن كېسەلمۇ شۇنداقتۇر.

﴿فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ فَزَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ . وَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَتْهُمْ رِجْسًا إِلَى رِجْسِهِمْ وَمَاتُواْ وَهُمْ كَافِرُونَ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (چۈشۈرۈلگەن ھەربىر سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارغا كېلىدىغان بولساق،

﴿ھەربىر ئايىتىمىز) ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىغا كۇفرىلىق قوشتى، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[1]. چۈنكى مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى ياخشى ئويدا بولدى. ئەمما مۇناپىقلار بولسا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، مەغپىرىتىدىن ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە يامان ئويدا بولدى. نەتىجە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۈمىدىگە ۋە ئوي - پىكرىگە يارىشا بولدى.

## ھىممىتىڭىز ئالىي بولسۇن

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىيە مۇنداق دېگەن: «ئالىي ھىممەتنىڭ ئادەتتىكى ھىممەتلەرگە نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكى يوقىرى ئۇچۇۋاتقان ۋە جۈملىدىن قۇشنىڭ باشقا قۇشلاردىن ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشاش بولۇپ، تۆۋەندىكى قۇشلارغا يەتكەن بەختسىزلىكلەر يوقىرى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا يەتمەيدۇ. ئۇ يوقىرى ئۇچۇۋاتقان قانچىلىك ئۆرلىگەنسېرى بالايىئاپەتلەردىن شۇنچىلىك يىراق بولغىنىدەك، قانچىلىك تۆۋەنلىگەنسېرى بەختسىزلىكلەر ئۇنى شۇنچە تېز تېپىۋالىدۇ»[2].

ئىنسان ھاياتىدا ھىممەتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىشىلەر ئالىي ھىممەتنىڭ شارائىتى بىلەن كۆز يەتمىگەن مەنزىللەرگە يېتىدۇ. بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق. ئالىي ھىممەت نەتىجىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى

---
(1) تەۋبە سۈرىسى 124 - ، 125 - ئايەت.
(2) مدارج السالكين 3: 171

كۆرەلەيمىز.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىپ چىقىش ئىشى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلغان بىر قانچە يۈز يىللىق ئىزچىل ئەمگەك قىلىشقا موھتاج (يەنى بىر مىللەتنىڭ ئەقىدىسىنى، ئەخلاقىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ باشقىچە قىلىپ چىقىش ئىشى بىر قانچە ئەسىرلىك ئىزچىل تەربىيەگە موھتاج). ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ غايىنى چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان بىر ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرالىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىي ھىممەتلىك، ئۈمىدۋار، قورقماس زات ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك دېگەندەك نەرسىلەر بولمىغان. ئۇ كېچىنىڭ زۇلمەتلىرىنى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن، ھاياتنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن يورۇتقان زات ئىدى.

كەئبىگە 360 بۇت تىزىلغان، مۇشرىكلار كەئبىنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىۋاتقان، ئىنسانلار ھاراقتىن باش كۆرۈرەلمىگەن، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىۋاتقان، بىگۇناھ قىزلار تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈلۈۋاتقان، كاپىرلار ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن يامانلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلغان شۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىيەتنىڭ چوقۇم ئۆزگىرىشلىنىدىغانلىقىدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىگەن ئىدى.

ياسىر ۋە سۇمەييەلەر مۇشرىكلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە

شېھىت قىلىنغاندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىگەن. ئۇلارغا «ئى ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، سىلەرنىڭ جايىڭلار جەننەتتۇر» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفلىق زالىملار تاش ئېتىپ مۇبارەك پۇتىنى قانىتىۋاتقان چاغدىمۇ، كېلىچەك غەلىبىدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەبباب ئىبنى ئەرەت دېگەن ساھابىگە تەسەللى بەرگەندە، ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ بۇ دىننى ئەلۋەتتە ئۈستۈن قىلىدۇ، سانئادىن ھەزرەمۇتقا ماڭغان يولۇچى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي، قويلىرىنى بۆرە يەپ كېتىشىدىن قورقماي سەپەر قىلىدىغان بولىدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر»[1] دېگەن سۆزىنىمۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان.

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىككە ئىككى يىلدىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە خاتىمە بېرەلىدى ۋە شۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېراتورلۇقنى مۇھاسىرىگە ئالالىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممىتى ئارقىسىدا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى شېرىك

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەقىدىسىدىن تازىلاپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئومۇملاشتۇردى. ئىمام ھەسەن بەننانىڭ ھاياتى ئالىي ھىممەت ۋە پىداكارلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلگىسىدۇر. ئۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا «تۇنۇگۈننىڭ ئارمانلىرى بۈگۈن، بۈگۈننىڭ ئارمانلىرى ئەتە» دەپ تەلىم بېرەتتى.

## ئالىي ھىممەتلىك كىشلەرنىڭ سۈپىتى

1 ـ ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەتىگە باقمايدۇ ۋە بۈگۈننىلا ئويلايدۇ.

2 ـ ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

3 ـ كىشىلەرگە ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئۇممىنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.

4 ـ قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ئالىي ھىممەتلىك بولىدۇ.

5 ـ ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن كۆپ دەرتلىنىدۇ، ۋاقىتنى نەق ئالتۇن دەپ بىلىدۇ.

6 ـ ئۆزى ئىرادىلىك، پىكرىدە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئىككىلىنىشى ئاز بولىدۇ.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى جايىدا ئورۇنداپ، نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە خەلقىنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇر.

بۇرۇن ئەزھەر مەسجىدىدە خالىد ئىسىملىك بىر بالا ھەر كۈنى كەچتە پانۇس چىراقلارنى ياندۇرۇش، ئاخشىمى ئۆچۈرۈش، يېغى تۈگەپ قالغان چىراقلارغا ياغ قۇيۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىكەن. بىر ئاخشىمى ئۇ مەسجىدتە ئۇخلاۋاتسا، مەسجىدنى زىيارەت قىلغىلى بىر توپ ئۆلىما كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «ھەي شەيخۇل ئەزھەر! تۇر ئورنۇڭدىن» دەپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. خالىد مېھمانلاردىن قاتتىق خىجىل بولۇپتۇ ۋە «شەيخۇل ئەزھەر»[1] دېگەن گەپنى ئويلىنىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا «مەن چوقۇم شەيخۇل ئەزھەر بولىمەن» دەپ ئىچىگە پۈتۈۋېتىپتۇ - دە، ئەتىسىدىن باشلاپ ئوقۇشقا يۈزلىنىپ بىر قانچە ئون يىل ئوقۇپتۇ. ئاخىرى دۇنياغا داڭلىق ئىسلامىي بىلىمگاھى ئەزھەرگە شەيخ بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ. ئۇ ئەزھەر تارىخىدىكى مەشھۇر ئۆلىما «خالىد ئەزھەرى» ئىدى.

ئىمام ئىبنى ھەزم يىگىرمە ئالتە ياشتىن كېيىن ئوقۇشقا كىرىشكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئوقۇشىغا سەۋەب بولغان مۇنداق بىر قىسسە بار ئىكەن: ئىبنى ھەزم بىر كۈنى ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن دادىسىنىڭ بىر يېقىنىنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن دوستلىرى بىلەن مەسجىدكە كىرگەن بولۇپ، جىنازە نامىزى ئەسىردىن كېيىن ئوقۇلىدىكەن. ئىبنى ھەزم مەسجىدتە تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇمايلا ئولتۇرغان

(1) شەيخۇل ئەزھەر - مىسىردىكى قەدىمىي بىلىمگاھ ئەزھەرنىڭ ئالىي ماقامدىكى باشلىقىدۇر.

ئىكەن. ياشانغان بىر ئادەم ئۇنى سىلكىپ: «ھەي بالا! سەن مەسجىدكە كىرگەن ئادەمنىڭ تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇش لازىملىقىنى مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بىلمىدىڭمۇ؟» دېگەن ئىكەن. ئىبنى ھەزم قاتتىق ئىزا تارتىپ «بولدى مەن چوقۇم ئوقۇپ ئالىم بولىمەن» دەپ ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى دۇھۇن دېگەن كىشىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇ تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، تارىخ، شېئىر ساھەسىدە كاتتا ئۆلىما بولۇپ تونۇلىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە، بىر كۈنى سىنىپ مۇئەللىمى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كېلىچەكتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقى ۋە قانداق ئادەم بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ سوراپ چىققان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ۋە كېلىچەكتە قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ نۆۋەت بىر ئوقۇغۇچىغا كەلگەندە، ئۇ «مەن ئامېرىكىغا رەئىس بولىمەن» دېگەن بولۇپ، بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. ئارىدىن نەچچە ئون ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بالا راستتىنلا ئامېرىكىغا رەئىس بولغان ئىكەن. ئۇ بولسا بېل كلىنتون ئىدى.

### ئالدىراپلا كەتمىسىڭىز چوقۇم نەتىجە قازىنىسىز

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «ئەلبىيك» تېز يېمەكلىك ئاشخانىلىرىنىڭ ئىگىسى رامى ئەبۇ غەزالە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ

مۇنداق دەيدۇ: «مۇندىن قىرىق يىل ئىلگىرى دادام چەتئەلگە چىقىپ، فىرانسىيەنىڭ «بىروست» تېز يېمەكلىك شىركىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ شىركەتنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەكىلى بولدى. دادام فىرانسىيەدىن كېلىپ ئاشخانا ئاچتى، بىروستنىڭ خۇرۇچلىرى فرانسىيەدىن كېلەتتى. بۇنداق تېز يېمەكلىكلەر 1974 - يىللاردا سەئۇدى ئەرەبىستان جەمئىيىتىگە نىسبەتەن يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا خېرىدار ئىنتايىن ئاز ئىدى، ھەتتا بىر يىلدا ئاشخانىمىزغا كېلىدىغان خېرىدار سانى يۈزدىن ئاشمايتتى. كىرىم، ئاز بولغانلىقتىن دادام ئاشخانىغا ئىشچىمۇ ئالمىغان بولۇپ، ھەممە ئىش ئۆزى قىلاتتى، خېرىدارلارنى ئۆزى كۈتەتتى، تاماقنى ئۆزى پۇشۇراتتى، تازىلىقنى ئۆزى قىلاتتى. چۈنكى بىر كىچىك ئىدۇق، بىزنى ئوقۇغىلى دەپ ئاشخانىنىڭ ئىشىغا سالمايتتى. دادام شۇنداق ئىشلەپمۇ ئاشخانىنىڭ چىقىملىرىنى ئاران چىقىراتتى، پايدا يوق ئىدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن دادام ۋاپات بولدى. فىرانسىيەدىكى شىركەت دادامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىتتىپاقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. دادامنىڭ تارتقان جاپالىرى بىكار كەتتى، بىر قانچە يىلدىن بېرى ئاچقان ئاشخانىسى تاقىلىپ قالدى. بۇ ئارىدا بانكىدىن خەت كەلدى، بىز بانكىغا مىليون رىيالدىن كۆپرەك قەرزدار ئىكەنمىز. بانكا بىزگە ئىككى چىقىش يولى كۆرسىتىپتۇ: يا بارلىق ئىگىدارچىلىقىمىزدىكى نەرسىلەرنى بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قەرزنى تۆلەش ياكى ئىككى يىل ئىچىدە ئاز - ئازدىن تۆلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بىز ئىككىنچىسىنى تاللىدۇق. ئۇكام

بىلەن ئىككىمىز قاتتىق ئىشلەپ قەرزنى تۆلەشكە بەل باغلىدۇق. شۇنداق قىلىپ بىز دادامنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، كىچىك بىر تېز تاماقخانا ئاچتۇق. ئۆرە تۇرساق بېشىمىز تاقىشىپ قالىدىغان كىچىككىنە بىر ئۆيدە تاماق تەييارلايتتۇق، ئاشپەزمۇ ئۆزىمىز، ئىشچىمۇ ئۆزىمىز، تازىلىقچىمۇ ئۆزىمىز بولدۇق. چاي، قەھۋە دېگەنلەرنى، ئالىي تاماقلارنى ئۆزىمىزگە ھارام قىلىۋەتتۇق. ناھايىتى ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ھەممىنى ئۆزىمىز قىلدۇق، ھەتتا خۇرۇچلارنى ئۆزىمىز ياساپ چىقتۇق. چۈنكى فىرانسىيەنىڭ خۇرۇچلىرى بەك قىممەت ئىدى. خېرىدارلارنى بۇ يېڭى خۇرۇچقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ، تۆت يىل كەتتى، ئىشىمىز ئىنتايىن ئاستا مېڭىۋاتاتتى. چۈنكى شۇ چاغلاردا جىددە شەھىرىدە 400 دىن ئارتۇق تېز تاماقخانىسى بار ئىدى. بىز باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق ئالاھىدە بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

بىز ئاستا - ئاستا چوڭىيىشقا باشلاپ، ئاشپەزلەرنى ئالىدىغان سەۋىيەگە كەلدۇق، ئۇلارنى تېز خىزمەت قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتۇق. خۇرۇچلارنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي مەخپىي ھالدا ئۆزىمىزلا تەييارلايتتۇق. شۇنداق قىلىپ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئەڭ مەشھۇر «ئەلبېيك» تېز يېمەكلىك ئاشخانىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردۇق.»

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقتىن قورقماڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقتىن قورقماڭ. چۈنكى ھايات

تەجرىبىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولىدۇر. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقتىن قورققان ئادەم ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىق قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

مۇۋەپپەقىيەت قايتا - قايتا ئۇرۇنۇپ بېقىشنىڭ، ۋاز كەچمەسلىكنىڭ ۋە توختاپ قالماسلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈمۈلىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، چۈمۈلە ئۆزىنىڭ ھەجمىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، سىز بارمىقىڭىز بىلەن ياكى ئالدىغا بىر نەرسە قويۇۋېلىش بىلەن ئۇنىڭ يولىنى توسىۋالسىڭىز، ئۇ دەرھال باشقا يولدىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، زادى توختاپ قالمايدۇ، ئىلگىرىگە چىقىدۇ، چۈشىدۇ، ئىشقىلىپ قىلماقچى بولغان ئىشىنى قىلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۇلۇغ ئۆلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەر يۈزىدە بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن ۋە غالىب قىلىش غايىسىدىن قىلچە ۋاز كەچمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، دەۋىتى بىر قېتىم مەغلۇپ بولسا، يەنە قايتا باشلىدى، مەككىدىكىلەر قوۋلاق سالمىسا، تائىفقا بېرىپ دەۋەت قىلدى، دەۋىتىنى تۇغقانلىرى قوبۇل قىلمىسا، باشقا قەبىلىلەرگە باردى. ئۇز دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش يولىدا گاھ كىشىلەرنى ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىردى، گاھ سافا تېغىغا چىقىپ تۇرۇپ ھەممە قەبىلىگە نىدا قىلدى، گاھ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ دەۋەت قىلدى. ئىشقىلىپ دەۋەتتىن ۋاز

كەچمىدى. مۇشرىكلار ئۇستىگە تۆگىنىڭ ئىچى ـ قېرىنلىرىنى ئارتىپ قويغاندىمۇ ۋاز كەچمىدى. تائىفلىقلار تاش ئېتىپ پۇتىنى قان قىلىۋەتكەندىمۇ ۋاز كەچمىدى. ساھابىلىرىنى «بۇ دىن كېچە بىلەن كۈندۈز يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم يېتىپ بارىدۇ»[1] دەپ رىغبەتلەندۈردى. ئاخىرى غەلىبە قىلدى.

دىزنى شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋالت دىزنى مەزكۇر شىركەتنى قۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن قېتىم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان، كۆپ قېتىم زىيان تارتقان ئىكەن[2].

جورج بىرناردشوۋ[3] توققۇز يىل ھارماي ـ تالماي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، يازغان نەرسىلىرىگە بىر تىيىن تاپالمىغان. كۈندە بەش بەت ماقالە يېزىپ تۇرۇپمۇ، بىرەر ماقالىسى باھاغا ئېرىشەلمىگەن ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق قەتئىي ۋاز كەچمىگەن ۋە يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئاخىرى دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن بولغان ئىكەن.

فرانكلىن روزۋېلت بىر قانچە يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەمگىكى كىنو شىركىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندا قاتتىق بىئارام بولغان بولسىمۇ، قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، ۋاز كەچمەي تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى رەئىسى بولغان ئىكەن.

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى.
(2) دىزنى شىركىتى 1923 - يىلى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ۋىلايىتىدە قۇرۇلغان مەشھۇر فىلىم ئىشلەش شىركىتىدۇر.
(3) جورج بىرناردشوۋ (1856 - 1950)ئېرلاندىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى.

ھېنرى فورد ئۆزىنىڭ مەشھۇر فورد شىركىتىنى قۇرۇشتىن بۇرۇن بەش قېتىم چوڭ زىيان تارتىپ ئىقتىسادتا نۆلگە چۈشۈپ قالغان ئىكەن.

مۇۋەپپەقىيەت بىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە يۆتكىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

- چېرچىل[1]

ئارزۇنى مۇمكىن ئەمەس قىلىپ قويىدىغان بىرلا نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقتىن قورقۇشتۇر.

- پاۋلۇ كويىلھو[2]

بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىز تەرىپىمىز ۋاز كېچىۋېتىشتۇر، بىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋاز كەچمەسلىكتۇر.

- توماس ئېدىسون[3]

گېنېرال موتورز شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا شىركەتنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم ئىزدەپ نۇرغۇنلىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى تاللاپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ ھاياتىدا بىر قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى

(1) ۋېنستون چېرچىل (1874 - 1965) ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرلىرىدىن بىرى.
(2) پاۋلۇ كويىلھو - برازىلىيەلىك يازغۇچى، 1947 - يىلى تۇغۇلغان.
(3) توماس ئېدىسون( 1847 - 1931) ئامېرىكىلىق ئىجادكار بولۇپ، ئېلېكتىر چىرىقى، پاتىفون، كىنو ۋە ئاككۇمۇلاتور قاتارلىق مىڭ خىلدىن ئارتۇق نەرسىنىڭ ئىجادكارىدۇر.

ئىشقا ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن ئىكەن.

توماس ئېدىسون لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن 40 مىڭ بەتلىكتىن ئارتۇق خاتىرە يازغان. لامپۇچكىنىڭ قىلىنى ياساشتا 5 مىڭ قېتىم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان. لامپۇچكا بۈگۈنكى كۈندە ھېچبىر ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەمما 1880 ـ يىلدىن بۇرۇن، ئېلېكتىر چىراغ تېخى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ياي نۇرلۇق چىراغلار ئەڭ مودا بولىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا ۋە ئىزدىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنى بىر ساراڭ دەپ مەسخىرە قىلىدى، بەزىلەر ئۇنى قۇرۇق لاپ ئېتىۋاتىدۇ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتىدۇ دەپ مازاق قىلدى. يەنە بىر قانچە ئالىملار ماتېماتىكا ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، دەپ ئىسپاتلاپمۇ بەردى. لېكىن ئېدىسون باشتىن ـ ئاخىر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سىناق قىلدى.

ئۇ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي پۈتۈن زېھنىنى لامپۇچكا قىلىنى تەجرىبە قىلىشقا سەرپ قىلدى، پەقەت ئۆسۈملۈك تۈرىدىن 6000 خىلدىن ئارتۇقنى تەجرىبە قىلدى. ئۇنىڭ تەجرىبە خاتىرىسى 200 دىن ئاشىدۇ، جەمئىي 40 مىڭ بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، مۇشۇنىڭغىلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ. 1880 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئېدىسوننىڭ لامپۇچكا قىلى سىنىقى يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ھارماي ـ تالماي تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى لامپۇچكىنىڭ قىلىنى ياساپ چىقىشتا

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

كۈۋەيتتە چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىلى13 ـ ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلىنغان «فوردنىڭ غەلىبىسى» دېگەن بىر ماقالىدە، ئەڭ قەدىمىي ئاپتوموبىل «فورد» نىڭ ئىجادكارى ھېنرى فوردنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، ماقالىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

ھېنرى فورد مەلۇم بىر ئېلېكتېر ئېنېرگىيە شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ئاددىي بىر ئىشچى ئىدى. ئۇ كۈندە 11 سائەت ئىشلەش بەدىلىگە ھەپتىدە 11 دوللار ئىش ھەققى ئالاتتى. ھېنرى كۈنلۈك 11 سائەتلىك جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە كەپىسىگە كىرىۋېلىپ يېڭى بىر موتور ياساش يولىدا يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ھېنرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ كېچە ئۇخلىماي قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار دەپ قارايتتى ۋە ھېنرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىشەنچ قىلمايتتى. ھەممە ئۇنىڭغا كۈلەتتى، دوستلىرىمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېرىگە ھەمىشە مەدەت بېرەتتى، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ كىچىككىنە كەپىسىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. قىش كۈنلىرى كېچىلىرى سوغۇقتىن قوللىرى تىترەپ تۇرۇپ، ئېرىگە جىن چىرىقىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ئېرىگە ياردەم

قىلىشتىن قەتئىي زېرىكىپ قالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، هېنرى هاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئايالىنى ماختايتتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ئىزهار قىلاتتى.

هېنرى فورد كىشىلەرنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە، دوستلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىشەنمەسلىكىگە قارىماي، ۋاپادار ئايالىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن ئۈچ يىل جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىش بەدىلىگە دۇنيادىكى تۇنجى ئاپتوموبىل «فورد» ئاپتوموبىلىنى ياساپ چىقىدۇ. هېنرى فورد هاياجانغا تولغان هالدا، هېلىقى كىچىككىنە كەپىدىن تۆت چاقا بىلەن ماتۇدىغان موتورلۇق بىر هارۋىنى هەيدەپ چىققان چاغدا كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان ئىكەن. بۇ دەل 1893 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى.»




# تەقۋالىق سىزنىڭ كىيىمىڭىز بولسۇن

تەقۋالىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ كاپالىتىدۇر. تەقۋالىق مۇئمىن ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە ئەڭ ئېسىل ئۇنۋانىدۇر. ئۇنۇتماڭكى، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ. ﴿أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1]، ﴿فَإِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2]. تەقۋالىق ئىماندىن كېيىن كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى ئەڭ كۆپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغان نەرسە تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ شۇ ئىماننى ئاخىرغىچە ساغلام ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھىمايە ئاستىغا

(1) بەقەرە سۈرىسى 194 - ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 76 - ئايەت.
(3) ئىمام تىرمىزى، ئىبن ماجە رىۋايىتى

كىرىشى ئەقىل ۋە ئىماننىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ھىمايە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

تەقۋانىڭ سۆز مەنىسى «ساقلىنىش» دېگەنلىكتۇر. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. تەقۋا دېگەن سۆز يەنە لۇغەتتە بىر - بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىغا توساق قويۇش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغاننى قوغداش دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ «ئىتتەقا بىتەرەسىھى» يەنى (قالقىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى) دېگەن سۆزى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق ئۇرۇش ئەسناسىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىۋېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيالىرىدىن قوغدانغانلىقىنى «ئىتتەقەينا بىرەسۇلىللاھ» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

تەقۋا سۆزىنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ تەرىپلىرى تۆۋەندىكىچە بولغان:

— ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش سايىسىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش.

— ھارامدىن قېچىش ۋە ھالالنى ئىلغاشتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇش.

— گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىياتچان بولۇش.

ـ كۈچلۈك بىر ھىمايىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆزىگە ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەييە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ھەزرىتى ئۇبەييە يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەييە ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[1] دېگەن.

يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان ـ زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

(1) «تەپسىر ئىبنى كەسىر» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1 - توم، 28 - بەتتىن.

## تەقۋالىقنىڭ مەنىسى

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئىخچام مەنىسى «مەسئۇلىيەتچانلىق» تۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغىمۇ كىرىدۇ، ھارام ئىشلاردىنمۇ ئۆزىنى ساقلايدۇ ۋە جازاغىمۇ ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى «مەسئۇلىيەتچانلىق» دېگەن زىممىسىغا يۈكلەنگەن ھەر قانداق بىر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى راھەت، كېلەچىكى كاپالەتلىك بولىدۇ، ئۇ بارلىق قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ.

خەلقىمىزدە «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. چۈنكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىغان ئادەم خەلقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەيىبلەنمەيدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ياشىشى دەل ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر - بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر - بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىرىڭلارغا تۈزاق قۇرۇشماڭلار، بىر

ـ بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە مۇھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان. ئۇ




يەنە: «ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنى، مال ـ مۈلكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر»[1] دېگەن.

## «ئاللاھتىن قورقۇش» دېگەننىڭ مەنىسى نىمە؟

تەقۋالىق ئاللاھ تائالادىن قورقۇش دەپمۇ تەبىرلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەدىسلەردىمۇ ۋە بارچە ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ كۆپ تەكرارلىنىدۇ.

دۇنيادا ئورغۇنلىغان قورقۇش تۈرلىرى بار بولۇپ، ئىنسانلار

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.



ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ، مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، قاراقچىدىن قورقىدۇ، يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىشتىن قورقىدۇ، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ، بىرەر باشلىقنىڭ ياكى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق ۋە ئاتا ـ ئېھسان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

قىز ـ ئوغۇللار مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

ھەتتا بالىلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن تاياق يېيىشتىن قورقىدۇ، مۇئەللىمىنىڭ جازالىشىدىن قورقىدۇ، كىچىك بالىلار بولسا قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، جىن ـ ئالۋاستىدىن قورقىدۇ، يالغۇز قالسا تېخىمۇ قورقىدۇ.

ئەمدى «ئاللاھتىن قورقۇش» قايسى تۈردىكى قورقۇشقا كىرىدۇ؟

شەكسىزكى، «ئاللاھتىن قورقۇش» دېگەن ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇشقا ئوخشايدىغان بىر قورقۇشتۇر. بۇ تۈردىكى قورقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ

ماقامىغا تولىمۇ يارىشىدىغان قورقۇشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇشمۇ مۇشۇ قورقۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان ۋە ئاتا - ئېھسان ئۈزۈلگەندىن كېيىن، كۈتۈلىدىغان نەرسە جازادىن باشقىسى بولمايدۇ.




ئۇنداق بولمىغاندا، ئاللاھ تائالادىن خۇددى قورقۇنۇشلۇق ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى ئاچچىقى يامان ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى زالىمدىن قورققاندەك قورقۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئەكسىچە، ئۇ مەخلۇقاتىغا ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ شەپقەتلىك زاتتۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر ئايال بار ئىدى. ئايال بالىسىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئېمىتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: «بۇ ئايالنى مۇشۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار:

ياق، ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ بەندىلىرىگە مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان شەپقىتىدىنمۇ بەك شەپقەتلىكتۇر»[1] دېدى .

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق شەپقەتلىكتۇر. ئۇ بەندىلىرىنى ئازابلاشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ دوزاخنى ياراتقانلىقى جەننەتنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى، بەندىلىرىنىڭ قېنىنى ئىچكەن ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈندۇر.

تەقۋالىققا بۇيرۇغان بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەر:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴾[2]

﴿وَاتَّقُواْ اللَّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴾[3]

﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر﴾[4]

﴿وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾[5].

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) دىكى 5653 - ھەدىس، «صحيح المسلم» (سەھىھۇل مۇسلىم) دىكى 2754 - ھەدىس.
(2) ئەھزاب سۈرىسى ئەھزاب 70 - ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 194 - ئايەت.
(4) ھۇجۇرات سۈرىسى 13 - ئايەت.
(5) تالاق سۈرىسى 2 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «نەدە بولساڭ، تەقۋادار بولغىن، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرگىن، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن»[2].

(1) ئىمام بۇخارىۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىبنى ھىببان «صحيح» (سەھىھ) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2 - توم، 224 - بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.



# تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋېلىڭ

تەۋبە - ئىستىغپار سىزنى بەختلىك قىلىشقا، يۈكىڭىزنى يېنىكلىتىشكە، كۆڭلىڭىزنى راھەتلەندۈرۈشكە قادىردۇر. گۇناھلىرىنى تەۋبە - ئىستىغپارنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ، تازىلاپ ماڭغان ئادەم نېمىدېگەن بەختلىك ئادەم - ھە!

زامانىمىزدا كۆپىنچە كىشىلەر تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىڭلار دېيىلسە، خۇددى تەۋبە - ئىستىغپارنى چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ياكى جىنايەت سادىر قىلغان ئادەم ئېيتسا بولىدۇ دېگەندەك، ياكى ئەلھەمدۇ لىللاھ بىز بەش ۋاخ نامىزىمىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمىدۇق، بىراۋغا زۇلۇم قىلمىدۇق، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىدۇق، شۇڭا ئىستىغپارنى ئېيتساقمۇ ياكى ئېيتمىساقمۇ بەك مۇھىم ئەمەس دېگەندەك قىلىپ، تەۋبە - ئىستىغپاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەلگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. چۈنكى تەۋبە - ئىستىغپارنى گۇناھكار ئادەملەرلا




ئېيتمايدۇ. ئۇنى گۇناھتىن پاك پەيغەمبەرلەر ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن بىر مەسۇم پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلامدۇ؟ ياق! تەۋبە ـ ئىستىغپار قەدىمىمىزنىڭ تېيىپ كەتمەسلىكى، توغرا يولدا ئىزچىل يۈرۈشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

## تەۋبە ـ ئىستىغپار ئادەمنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ

تەۋبە ـ ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى چىقماس تار كوچىلارغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

جايىدا ئېيتىلىپ ماڭىدۇ.

ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى سادىر قىلغان ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىش ۋە يېڭى گۇناھ ئىشلەشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ. دېمەك، تەۋبە ـ ئىستىغپار ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[1] دېگەن. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟ چۈنكى تەۋبە ـ ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.




## ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى

ئىستىغپار ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزەلىدۇر، ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىدىغان تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتتە ئۇلارنى ﴿وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇ﴾[1] دەپ ماختىغان. يەنە ﴿وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارسەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى﴾[2] دەپ تەرىپلىگەن.

## ئىستىغپار قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ

بىرىنچى: ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم دۇنيادا جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ھەرگىز ئازاب چەكمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[3]. دېمەك، ئىستىغپار ئىنساننى جىسمانىي، مەنىۋى، پىكرىي، ئىجتىمائىي ئازابلاردىن، شۇنداقلا بارلىق ئازابلاردىن ئازاد قىلىدۇ.

ئىككىنچى: ئىستىغپار ئىنسانغا بارلىق ياخشىلىق تۇرلىرىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا . يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا . وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَارًا﴾ يەنى ﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 17 - ئايەت.
(2) زارىيات سۈرىسى 18 - ئايەت.
(3) ئەنفال سۈرىسى 33 - ئايەت.

تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ﴾[1].

ئۈچىنچى: ئىستىغپار مۇسۇلمان ئادەمگە ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئېيتقان سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاء عَلَيْكُم مِّدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ﴾ يەنى ﴿ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار)، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ ۋە كۈچۈڭلارغا كۈچ قاتىدۇ﴾[2].

تۆتىنچى: ئىستىغپار ئىنسانغا بەخت - سائادەتلىك ھايات بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنِ اسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ يُمَتِّعْكُم مَّتَاعًا حَسَنًا إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى﴾ يەنى ﴿سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقۇچە ئوبدان ياشىتىدۇ﴾[3].

---

(1) نۇھ سۈرىسى 10 - 12 - ئايەتلەر.
(2) ھۇد سۈرىسى 52 - ئايەت.
(3) ھۇد سۈرىسى 3 - ئايەت.

## گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق

ھەر قانداق ئادەم بىلىپ ـ بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. ھەتتا ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوق! ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلمايدىغان ئادەمدىن گۇناھ قىلىپ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى گۇناھ قىلمىغان ئادەم گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ ھارام لەززىتىنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەغپىرەتنىڭ ھالاۋىتىنىمۇ تېتىيالمايدۇ. چۈنكى بىرەر گۇناھنى قىلىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ قىيىنچىلىق تارتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن دەرىجە قازىنىدۇ، گۇناھلىرىنى تەۋبە ئارقىلىق ياخشى ئەمەللەرگە ئۆرۈيەلەيدۇ. ئەمما گۇناھ قىلمىغان ئادەم بۇنداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلىدىغان بىر خەلقنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دېگەن. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ﴿اَلْغَفُورُ﴾ (كەچۈرگۈچى) ۋە ﴿



(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

اَلْغَفَّارُ﴾ (گۇناھكارلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزھار قىلىش ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ.

شۇڭا، ئىنسان ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا پەرىشتىلەرچە تەلەپ قويۇۋالماسلىقى لازىم. گۇناھ قىلماسلىقتا چىن ئىرادە باغلاش ۋە توغرا يولدا ئىزچىل مېڭىش كېرەك. ناۋادا ئۆزى ياكى باشقىلار خاتالىق سادىر قىلىپ قويسا ياكى گۇناھ قىلىپ قويسا، پېشانىسىگە «گۇناھكار» تامغىسىنى ئۇرماسلىقى، ئۆزىگە تەۋبە بىلەن ئەپۇچانلىقىنى ھەمراھ قىلىشى لازىم.

ئون ئالتىنچى رېتسېپ



# سەممىي تەنقىدنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ

ئاندرىي مورو[1] ئىنسان تەبىئىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى بىزنىڭ شەخسىي تەلەپلىرىمىزگە ماسلاشقان ئىشلار، ئۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھەقىقەتتۇر؛ يەنە بىرى بىزنىڭ شەخسىي تەلەپلىرىمىزگە ماسلاشمىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ غەزىپىمىزنى قوزغايدۇ.»

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «نەسىھەت ۋە تەنقىد ئاشۇنداق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز مەدھىيەنى ياخشى كۆرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىنىمىز، گەرچە ئۇ ساختا بولسىمۇ؛ تەنقىد ۋە ئەيىپلەشنى ياقتۇرمايمىز، گەرچە ھەقىقەت بولسىمۇ. مانا بۇ بىزدىكى چوڭ

(1) فرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى (1886 - 1967).

ئەيىب ۋە ئاساسلىق نۇقسانىمىزدۇر.»

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر»[1] دېگەن. بۇ يەردىكى كۈچتىن ئالدى بىلەن روھانىي كۈچ، ئاندىن جىسمانىي كۈچ مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىمان ئادەمنى ھەر تەرەپتىن كۈچلۈك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئىمان قەلبتە رەسمىي ئورنىشىپ مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن، ئادەمنى ئىش قىلغاندا قېتىرقىنىپ مۇكەممەل قىلىدىغان، گەپ قىلغاندا ئىشەنچ بىلەن توغرا گەپ قىلىدىغان، مەيدانى ئېنىق، يولى داغدام، روھى يۈكسەك، ئەقلى ئۆتكۈر قىلىدۇ. مۇنداق ئادەمدە ئىككىلىنىش ئاز بولىدۇ، بوران - چاپقۇنلار ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئەرلەرنى يارىتىدىغان سېھرى قۇۋۋەتتۇر. ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەم مۇشۇنداق بولىدۇ. كۈچلۈك ئادەم كىشىلەرنىڭ تەنقىدلىرىدىن ۋە مالامەتلىرىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىدىن، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ دۇرۇسلىقىدىن شەكلەنمەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن تېزلا تەسىرلىنىپ كېتىدىغان، ھېسسىياتچان، ماختالغان چېغىدا خۇشاللىقتىن ئۇچۇپ كېتىدىغان، تەنقىدكە ئۇچرىغاندا، دەرت - ئەلەمدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەر بۇنداق ھالەتتىن ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋە سوغۇق قان بولۇشنى ئادەت قىلىشقا مۇھتاج. چۈنكى ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتكەن بىر قانچە ئېغىز سۆز بىلەن ئۇنى تەنقىدلەپ دەرت ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدۇ. مەدھىيە ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالمايدۇ، تەنقىد ئادەمنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. مۇھىم بولغىنى ئىشنى نۇقسانسىز، مۇكەممەل ئورۇنداشتۇر. ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل ئورۇندىغان ئادەم تەنقىدلەردىن قورقماسلىقى لازىم. ئادەتتە، كۆڭۈل بۆلۈپ ئىش قىلغان كىشىلەر تەنقىدتىن قورقمايدۇ. ئەمما كۆز بوياماچىلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ قورقىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. چۈنكى مۇنداقلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق. ساختىلىقىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپلا ياشايدۇ.

ئەقىللىق ئادەم تەنقىدتىن قورقمايدۇ، تەنقىد ئارقىلىق ئۆزىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر تەنقىد ئاساسى يوق پۈچەك گەپلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىدۇ ۋە بۇ تەنقىدتىن پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ. قەدىمدە بىر ئاقىل ‹مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئادەمدىن ئاللاھ رازى بولسۇن› دېگەن ئىكەن.»

ۋىليام جېمس[1] مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر ئىش قىلىشقا بەل

(1) ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ۋە پسىخولوگىيە ئالىمى(1842 - 1910).

باغلىغان بولىسىڭىز، ئۇنى ئىجرا قىلىشقا دەرھال كىرىشىڭ. شۇندىلا، سىز ئاشۇ ئىش سەۋەبلىك سىزگە دېۋەيلەپ تۇرۇۋاتقان غەملەردىن پۈتۈنلەي خالاس بولىسىز.»

### تەنقىدمۇ قىممىتىڭىزگە قاراپ بولىدۇ

هېچ ئىش قىلمىغان ئادەمنى هېچكىم تەنقىدلىمەيدۇ. ئەمما بىرەر ئىش قىلغان، خۇسۇسەن بىرەر ئۇتۇق قازانغانلارغا مەدھىيىدىن كۆپرەك تەنقىدلەر ياغىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تەنقىد ۋە تەنقىدلەش دېگەنلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ ئېنىقكى، تۈزىتىش بېرىش ۋە ئىسلاھ قىلىش مەقسىتى بىلەن قىلىنغان تەنقىدنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى هېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ.

ئەمما تەنقىد بىراۋدىن ئۆچ ئېلىش ياكى ئۇتۇق قازانغان بىرىگە كۆز قىزارتىش مەقسىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغاندا، هەرگىز ئىجابىي نەتىجە بەرمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى تەنقىد هەسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سەلبىي تەنقىد بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد غەززالىي «هاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «هەسەتتىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئىللەت ئىنسانلار يەر يۈزىگە پەيدا بولغاندىن بېرى مەۋجۇدتۇر. دۇنيادا شۇنداق ئىنسانلار باركى، بىراۋدا كامالەتنىڭ ئالامەتلىرى جىلۋىلەنسە ياكى ئاللاھ ئاتا قىلغان

بىرەر تالانت ئۇتتۇرىغا چىقسا، ئۇلار قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئىزتىراپ چېكىدۇ، تاكى بۇ ئارتۇقچىلىق يوقالمىغۇچە قەتئىي راھەت ئالالمايدۇ.

بۇ نېمە ئۇچۇن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى كۆرۈمسىز گۈزەللىكنى ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت، ئەقىلسىز ئەقىلنى ئۆزى ئۈچۈن دۈشمەن دەپ قارايدۇ.»

ئامېرىكىدىكى «ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» نىڭ قۇرغۇچىسى دالى كارنېگ «نۇرغۇن كىشىلەر مەدەنىيەت ياكى شۆھرەت ياكى ئۇتۇق جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلارنى قارىلاش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپالايدۇ» دېگەن.

## ھەسەتخورلار ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ

قەدىمدە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

سەۋر قىلغىن ھەسەت قىلسا، سەۋرىڭ ئۇنى ئۆلتۈرەر،
تۈگەپ قالسا يېقىلغۇلار، ئوتمۇ ئۆزىن كۆيدۈرەر.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

قاۋىغان ھەر ئىتقا ئاتماق بولسا ئىدى بىردىن تاشنى،
بېسىپ چۈشەردى تاشنىڭ باھاسى ئالتۇن - كۈمۈشنى.

ئامېرىكىلىق يازغۇچىلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن «كىشىلەرنىڭ تىلىنى باغلاپ قويغىلى كۈچۈم يەتمىگەچكە كۈچۈم يېتىدىغان ئىشنى قىلىشنى بىلىۋالدىم، ئۇ بولسىمۇ،

كىشىلەرنىڭ تەنقىدلىرىگە ۋە مالامەتلىرىگە پەرۋا قىلماسلىقتۇر.»



ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىسلىرىدىن ئابراھام لىنكولىن «ئەگەر ماڭا كەلگەن تەنقىدلەرنى ئوقۇماقچى بولسام، مېنىڭ ۋاقتىمنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئوقۇش ۋە رەددىيە بېرىش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. شۇڭا مەن ماڭا قارىتىلغان تەنقىدلەرگە پەرۋا قىلمايمەن. مۇھىم بولغىنى ۋەزىپەمنى تولۇق ئادا قىلىشتۇر. چۈنكى مەن ۋەزىپەمنى تولۇق ئادا قىلىپ، نەتىجە يارىتالىسام، ماڭا قارىتىلغان بۇ تەنقىدلەر ئۆزلىكىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ» دېگەن ئىكەن.

ئاللاھ تائالا بىزنى ھەسەتخورلارنىڭ يامانلىقىدىن خۇددى قاراڭغۇ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پاناھ تىلىگەندەك پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ . مِن شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ . وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾ تەرجىمىسى: ﴿(ئى پەيغەمبەر! سەن) ‹مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇقتا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۇبھىنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ)گە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن › دېگىن﴾[1]. ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ ھەسەتخورلارنىڭ، جىن شەيتانىنىڭ ۋە ئادىمي شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

(1) فەلەق سۈرىسى.

بولۇپمۇ ماددىي ياكى ئەدەبىي جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا ـ ئېھسانىغا ئېرىشكەن كىشىلەر ھەسەتخورلارنىڭ يامان كۆزىدىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر زامان ئاللاھ تائالاغا يىلىنىپ ئۇنىڭ رەھمىتىگە سىغىنىپ بارلىق يامانلىقلاردىن پاناھ تىلىشى ئەڭ ئاقىلانە ئىشتۇر.

## كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەڭ

ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى نەسىرىددىن ئەپەندىم ئوغلى بىلەن يولغا چىقىپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋالغان، ئوغلى بولسا ئۇنىڭ يېنىدا پىيادە يۈرگەن ھالدا كېتىپ بېرىۋاتقانىكەن. ئۇلار بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، كىشىلەر ئەپەندىمگە ئىشارەت قىلىشىپ:



ـ قارىماسىلەر بۇ رەھىمسىز ئادەمگە! كىچىككىنە بالىسىنى ئوتتەك ئىسسىقتا پىيادە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپتۇ. ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ ۋە ئېشەككە ئوغلىنى مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە مېڭىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىدە، كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ:

ـ تووۋا، قاراڭلار بۇ ئىشقا، ماۋۇ قارغىش قېپى بالا ياشىنىپ

قالغان دادىسىنى پىيادە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ» دەپ ئەيىبلەپتۇ. ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ ئېشەكنى توختىتىپ ئۆزىمۇ بىرگە مىنىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادا، بالا ئېشەككە مىنىپ كېتىۋېتىپ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇلار بۇ ئىككىسىگە قاراپ:

ـ قاراڭلار! ماۋۇ شەپقەتسىز ئادەملەرگە، بىچارە ئېشەكنى قىيناپ بىر ئېشەككە ئىككىسى مىنىۋاپتۇ، دەپ ئۇلارنى ئەيىبلەپتۇ. ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ ئېشەكنى توختىتىپتۇ ۋە ئوغلىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، ئاندىن دادا، بالا ئىككىسى پىيادە مېڭىپتۇ، ئېشەكنى بولسا يېتىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئىكەن، ئۇلار:

ـ قارىماسىلەر ماۋۇ ئەخمەقلەرگە! ئېشەكنى بىكار قويۇپ، ئۆزلىرى پىيادە مېڭىپتۇ، ئېشەك مىنىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەسمىدى؟ دەپ ئۇلارنى ئەيىبلەپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوغلى بىلەن ئىككىسى ئېشەكنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇپتۇ.

ئەگەر سىز نەسىرىددىن ئەپەندىم بىلەن بىللە بولغان بولسىڭىز، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا «ئەپەندىم! بىلگەنلىرىنى قىلسىلا، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىسىلە، چۈنكى ئىنسانلارنى رازى قىلىش ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بىر غايىدۇر، دېگەن بولار ئىدىڭىز.»

## ئون سەككىزىنچى رېتسېپ

# دىيانەتلىك ياشاڭ

ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ساماۋى دىنلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئوڭشاش، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قۇلچىلىق قىلمايدىغان، بىر - بىرىگە ھەقسىزلىق قىلمايدىغان، بىر - بىرىنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان، ھەممە باراۋەر ئىناق ھايات كەچۈرىدىغان قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام ئەقلىي ساھەدە پىكىرنى رەتكە سالىدىغان، ئىجتىمائىي ۋە پىسخىكا ساھەدە ھېس - تۇيغۇنى ئەخلاق - پەزىلەتكە ئۈندەيدىغان ئىلاھىي كۈچتۇر. ئۇ بارلىق تەلىماتلىرى ئارقىلىق ئىنساننى ھەقىقەتكە ۋە كامالەت دەرىجىلىرىگە ئېلىپ بېرىشقا قادىردۇر. ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتىن مەقسەت شەكلىي

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

رەسمىيەتلەرنى ئورۇنداپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەقلىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشتىكى ئۆتكۈرلىكىنى ئاشۇرۇش، ھاۋايى - ھەۋەسلەر ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىشنى ئۆگىنىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ۋە ھەقسىزلىقتىن يىراق ھالدا شەرەپلىك ھايات كەچۈرۈش يولىغا داۋام قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشىغان پەرزلەرنى ئادا قىلىش بولسا، ئىنسان ھاياتىدا ئەكس ئېتىدىغان مەشئەل بولۇپ، ئۇنىڭ يورۇقىدا ئىنساننىڭ توغرا يولنى تېپىۋېلىشى، ھېچ ئېزىپ كەتمەي، ھەقىقەتكە تۇتاشقان ھالدا ھايات كەچۈرۈشىنى كاپالەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ تۇرۇپمۇ، مۇشۇ نۇردىن پايدىلىنىپ يول تاپالمىغانلارنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىبادەتلىرىدىن ياخشىلىق يوقتۇر. چۈنكى مۇنداقلار ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمىگەنلەردۇر.»

زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى داۋالىنىپ تۇرۇپ كېسەلدىن ساقىيالمىغان كېسەل كىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا بۇيرۇلغان جىمى ئىبادەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى مېۋىسى بىزنىڭ ئەخلاقىمىزنى ياخشىلاش ۋە بىزنى ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە لايىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساقلىقىمىزنى ساقلىشىمىز، ئەخلاقىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، خاتالىقىمىزنى تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە كۈندىلىك، ئايلىق ۋە يىللىق مۇئەييەن ئىبادەتلەرنى پەرز قىلغان. بۇ خۇددى دوختۇرنىڭ كېسەللەرگە يېزىپ بەرگەن رېتسېپىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ناماز، روزا، زاكات،

ھەج قاتارلىق مۇئەييەن ئىبادەتلەردىن ھەربىرىنىڭ ئەخلاقنى ياخشىلاشتا بەلگىلىك ۋەزىپىسى ۋە ئالاھىدە رولى بار. مەسىلەن: ناماز ئىنساننى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھتىن ساقلايدۇ، روزا تەقۋالىقنى ئاشۇرىدۇ، زاكات سېخىيلىققا ئادەتلەندۈرىدۇ، ھەج سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدۇ. مۇشۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ تۇرۇپ، يەنە يالغان سۆزلەيدىغان، كىشىلەرنى ئالدايدىغان، ھارام يەيدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكىنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان مۇسۇلمانلار خۇددى دوختۇرنىڭ دورىسىنى ۋاقتى قەرەلىدە يەپ تۇرۇقلۇق كېسەلدىن ساقىيالمىغان بىمارلارغا ئوخشاش مەنىۋى بىمارلاردۇر.

ئەللامە يۇسۇپ قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئەقىدە بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەۋھىدتۇر. ئىسلام ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئىخلاستۇر. ئىسلام مۇئامىلە بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى راستچىللىق ۋە سەمىمىيەتتۇر. ئىسلام ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى رەھىم ـ شەپقەتتۇر. ئىسلام شەرىئەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئادالەتتۇر. ئىسلام ئەمەل ۋە ئىشلەش بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى قېتىرقىنىشتۇر. ئىسلام مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى قېرىنداشلىقتۇر، ئىسلام مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەكىپۇرلۇقنى ساقلاشتۇر. ئەقىدىدە تەۋھىدنى، ئىبادەتتە ئىخلاسنى، مۇئامىلىدە راستچىللىقنى، ئەخلاقتا رەھىم ـ شەپقەتنى، ئەمەلدە قېتىرقىنىشنى، مۇناسىۋەتتە قېرىنداشلىقنى،

مەدەنىيەتتە تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئادەم ئىسلامنىڭ جەۋھىرىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىسلامنىڭ سۈرىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەۋھىرىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.»

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ئۇنىڭ خارلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلىنىش ئۈچۈن، ئېزىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خوجايىن بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دىنىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى مىزان قىلغان ھالدا تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە ھەقسىزلىقتىن ۋە جاھالەتتىن يىراق بولغان سائادەتلىك ھاياتنى بېغىشلاشتىن ئىبارەتتۇر.»

### ئەخلاق - پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش

ھاياتتا دوستلارنى توغرا تاللاش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئەرەبلەردە «سىز ماڭا بىراۋنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، مەن سىزگە ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. دېمىسىمۇ، ئادەم قانداق كىشىلەرگە ئارىلاشسا ۋە ئۇلار بىلەن يۈرسە، ئۇ ئادەم شۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە، ئادەم ياخشى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسا، ئۇلاردىكى ياخشىلىقنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرىدۇ ۋە ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقىدىن نېسىۋىدار بولىدۇ. ئەگەر يامان ئادەملەر بىلەن يۈرسە، ئۇلارنىڭ ۋابالىنى تارتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىنتايىن

ئېسىل بىر تەبىر بىلەن ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ سىزگە ئىپار بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسىز ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسىز. كۆرەك باسقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بەدبۇي سېسىق پۇراقنى پۇرايسىز»[1].

سىز ياخشىلار بىلەن ئارىلاشسىڭىز، ھەرگىز زىيان تارتمايسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈلگىلىك كىشىلەرنى سۈپەتلەپ: «ئۇلار بىلەن ئارىلاشقان كىشىلەر ھەرگىز بەختسىز بولمايدۇ» [2] دېگەن.

ياخشىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ شۇ ياخشىلار ئېرىشكەن ياخشىلىقلاردىن نېسىۋىدار بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلار ئېرىشكەن شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئەسھابۇلكەھف بىلەن يولداش بولغان ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولغان بىر ئىتنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئالغان. بۇ نېمىدېگەن كاتتا شەرەپ!

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئون توققۇزىنچى رېتسېپ

# ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ

دۇنيادا كۆپلىگەن نەرسە ئۆزلىكىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كۈنلەر، پەسىللەر، دەل ـ دەرەخلەر ۋە باشقىلار تۇرماستىن ئۆزگىرىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتىلا تىرىشچانلىق بولماستىن ئۆزلىكىدىن يېڭىلانمايدۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇر ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسان ئۆز ھاياتىدا يېڭى بىر بەت ئېچىشنى خالايدۇ. ئەمما تولىراق بۇ يېڭىلىقنى ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى باشقا بىر جايغا يۆتكىلىشى دېگەندەك مەجھۇل ۋاقىتلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۇنى كۈتىدۇ. بەزىسى بۇ يېڭىلىقنى مەلۇم بىر پەسىلگە ياكى تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش مۇئەييەن كۈنگە ياكى يېڭى يىلنىڭ كىرىشىگە باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئۆتىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇ ھاياجان يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق كىچىكتۈرۈش ئارقىلىق گويا غەيبتىن بىر كۈچ كېلىپ ئۇنى بىر دەمدىلا ئۆزگەرتىپ قويىدىغاندەك ياكى تۇيۇقسىزدىن ھاياتى يېڭىلىنىپ قالىدىغاندەك كۈتىدۇ.

بۇ پەقەت خام خىيال ۋە ئالدىنىشتۇر، خالاس. چۈنكى ھاياتنى



يېڭىلاش پەقەت ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدىن كەلگەن تىرىشچانلىق بىلەن بولىدۇ. بىرەر ئىشقا مۇستەھكەم ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئالدىنى قىلغان ئادەمنى ئوڭايسىزلىقلار ۋە توسالغۇلار باش ئەگدۈرەلمەيدۇ ۋە ئىرادىسىدىن قايتۇرالمايدۇ. بۇ خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىكى ئۇرۇقچىنىڭ قاتتىق تۇپراقنى تېشىپ چىققىنىدەك بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ئىنسان ئۆزىدىكى چەكلىك قۇدرەت، چەكلىك ۋاقىت ۋە چەكلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاياتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشكە ئۆزۈر يوق.»

تىرىشىش، ئىنتىلىش جاپا ئەمەس، بەلكى ئۇ ھۇزۇردۇر. تىرىشىش، ئىنتىلىش ئىنساننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. ھاياتتىكى ئىنتىلىشتىن قەتئىي توختاپ قالماسلىق لازىم. خۇددى تۇرغۇن سۇ بۇزۇلغاندەك سىزمۇ ھاياتتا تۇرغۇنلىشىپ قالسىڭىز ھاياتىڭىز مەنىسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ لەززىتى يوقاپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىز قىلالمىغان بىر ئىشنى قىلغاندا خۇشاللىق تاپىسىز. كىچىك بالا ئويۇنچۇققا قىزىقىدۇ، ئەمما ئازراق ئويناپلا تاشلاپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشتى، ئىش تۈگىدى.

## ھاياتىڭىزنى مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۈستىگە قۇرماڭ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى مەزكۇر ئەسىردە يەنە مۇنداق دەپ

يازىدۇ: «ھاياتىڭىزنى غەيبتىن كېلىدىغان مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۈستىگە قۇرماڭ. چۈنكى ئۇ سىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۈگۈنكى ھاياتىڭىزلا سىزگە ئائىت ھاياتتۇر. سىز ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە چاڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ھايات مۇشۇدۇر. ئىشلارنى بۈگۈندىن باشلىسىڭىز پايدىنى سىز تاپىسىز. كېچىكتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش، يېڭى پىلاننى ئورۇنداشنى ئارقىغا سۈرۈش، دەرھال تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئەتىگە قويۇش زىياندىن باشقىسىنى كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى بۇنداق كېچىكىش ئادەمنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋاللارغا سۆرەپ ئاپىرىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز - نەسىھەت قىلىپ: «گۇناھىغا پۇشايمان قىلغۇچى ئاللاھتىن رەھمەت كۈتىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلىگۈچى جازاسىنى كۈتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر كىم ئۆزى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، ھېچكىم بۇ دۇنيادىن ياخشى ئىشىنىڭ ياخشىلىقىنى، يامان ئىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئايرىلمايدۇ. ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ تۈگەنچىسى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز سىلەر ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتلارنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولدۇرۇڭلار، ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭلاركى، ئۆلۈم دېگەن تۇيۇقسىز كېلىدىغان نەرسە. ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكىگە مەغرۇرلىنىپ غەپلەتتە قالماڭلار. جەننەت بىلەن دوزاخ سىلەرگە ئاياق تېپىشىڭلاردىنمۇ يېقىندۇر»[1] دېگەن.

ئاندىن ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ . وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ يەنى ﴿ كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان›. ئىنسان هاياتىنى يېڭىلاپ تۇرسا، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ، پەزىلەتلىرىنى ئاشۇرۇپ تۇرسا، نېمىدېگەن ياخشى ـ هە!»

---

(1) زەلزەلە سۈرىسى، 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.



## يىگىرمىنچى رىتسىپ

# ئۆزىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭ

ئۇيغۇرلاردا «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. دانالارغا كۆرە، ئىنسان ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، خاتا كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ، ياخشى تەرەپلىرىنى مۇستەھكەملەپ تۇرىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مالامەتكە قېلىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «دۇنيادا ھەر قانداق بىر مۇھىم ئىشنىڭ ھېساباتى بولىدۇ، ئۇنىڭ كىرىمى، چىقىمى، پايدىسى ۋە زىيىنى ھېسابلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتى مەجھۇل تەرەپكە خۇددى سۇدەك ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ.

مەخسۇس بىر دەپتەر تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى بىلەن يامان ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن توپلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرۇشنى ئويلاپ باققان ئادەم بارمىدۇ؟ ئەلۋەتتە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بۇلارنى تولۇق خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق كەلگەن: ﴿وَوُضِعَ الْكِتَابُ فَتَرَى الْمُجْرِمِينَ

مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَا وَيْلَتَنَا مَالِ هَذَا الْكِتَابِ لا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلا كَبِيرَةً إِلاَّ أَحْصَاهَا وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِرًا وَلا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾ يەنى ﴿كىشىلەرنىڭ نامە - ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرلەنگەنلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىست! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ - كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرلەپتۇغۇ؟!» دەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە - ئەمالغا خاتىرلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ﴾[1].

ئۆزىمىزنىڭ نامە - ئەمالىمىزنى ئۆزىمىز خاتىرلەپ قويساق ياكى ئۆزىمىز بىلىپ تۇرساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا ھېچقانداق سودىگەر ئۆزىنىڭ تىجارىتىدىكى پايدا - زىياننى ھېسابلىماي تاشلىۋەتمەيدۇ، ھەر ماگىزىن ئىگىسىمۇ ماگىزىنىدىكى تاۋارلارنىڭ ھېسابىنى بىلىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئىقتىسادىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، بانكىدا قانچىلىك پۇلى بارلىقى ۋە يېنىدا قانچىلىك بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما ئىنسان ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قىلغان ئەتكەنلىرىنى بىلمەيدۇ، بىلگەندىمۇ بۇ دەرىجىدە بىلمەيدۇ.»

## ئىنسان ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشقا موھتاج

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئادەمنىڭ پات - پات ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﴿سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن

(1) كەھف سۈرىسى ، 49 - ئايەت.

بۇرۇن ئۆزۈڭلاردىن ئۆزۈڭلار ھېساب ئېلىڭلار، ئەمەلىڭلار تارازىغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆزۈڭلار تارتىپ كۆرۈڭلار› دېگەن.
ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئىبنى مۇقەففە ئىنسان ئۆزىدىن سادىر بولغان بارلىق ئىشلارنى خاتىرىلەپ مېڭىشى لازىم دېگەن بولسا، ئامېرىكىدىكى «ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» نىڭ قۇرغۇچىسى دالى كارنېگ ئىنسان ئۆزىدىن سادىر بولغان خاتالىقلارنىلا خاتىرىلەپ ماڭسا يېتەرلىك دەپ قارىغان.»



دالى كارنېگ ئۆزى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىش ئۈستىلىمنىڭ تارتمىلىرىنىڭ بىرىدە ئۈستىگە ‹مەن سادىر قىلغان ئەخمەقلىقلەر› دەپ يېزىلغان مەخسۇس بىر دەپتەرنى ساقلايمەن. پات ـ پات ئۇنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ بەزى خاتالىقلىرىمنى ساناپ چىقىمەن ۋە بەزىسىنى يېزىشتىن خىجىل بولۇپ كۆڭلۈمگە پۈتىمەن. ئەگەر مەن ئۆزۈمگە قارىتا سەمىمي بولالىغان بولسام، مېنىڭ بۇ ئۈستىلىمنىڭ تارتمىلىرى خاتالىقلىرىم ۋە ئەخمەقلىقلىرىم بىلەن تولۇپ كەتكەن بولاتتى. مەن ھەر قېتىم خاتالىقلىرىم يېزىلغان دەپتەرنى ئوقۇغىنىمدا، ئەڭ زور مۇشكىلاتلارنىمۇ يېڭىپ چىقىدىغان زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن» .

# ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەك

ئىنسان گۇناھ قىلمايدىغان پەرىشتە ئەمەس ياكى ئەقىل ۋە ۋىجداندىن مەھرۇم جانلىقمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ پەرىشتىلەردىكى روھانىيلىق بىلەن باشقا جانلىقلاردىكى نەپسانىيەتچىلىكنى ئۆزىگە جەم قىلغان يېگانە مەخلۇقات.

شۇڭا ئىنساندىن خۇددى پەرىشتىلەردىن سادىر بولغاندەك ياخشى ئىشلارمۇ، ھايۋانلاردىن سادىر بولغاندەك نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئەقىلسىزلىقلارمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنسان قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدىغان مەخلۇقات.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## ھەر قانداق گۇناھنىڭ چارىسى تەۋبىدۇر

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ گۇناھ قىلىپ كېيىن تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە نائىل بولغان بىر

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.



ئادەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەدىمقى زاماندا بىر قاتىل بار بولۇپ، ئۇ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئاندىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان بىر ئابىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىشقا يول بار ياكى يوقلىقىنى سوراپتۇ. ئابىد ئۇنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ ۋە «ساڭا تەۋبە يوق» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. بۇ جاۋابقا غەزەبلىنىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھېلىقى قاتىل بۇ ئابىدنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئاندىن ئۇ بىر ئالىمنىڭ يېنىغا بېرىپ بارلىق ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تولۇق ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئالىم ئۇنىڭغا :‹سۇبھانەللاھ! تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى كىم تاقىۋاپتۇ؟ تا قىيامەتكىچە تەۋبە قىلىشنىڭ ئىشىكى ئوچۇق. سىز تەۋبە قىلسىڭىز ئاللاھ كەچۈرىدۇ. لېكىن سىز يامان بىر شەھەردە تۇرىۋاتىسىز. سىز پالانى شەھەرگە بارسىڭىز، شۇ يەردە ياخشى ئادەملەر بار. شۇلار بىلەن بىللە ئاللاھقا قۇللۇق قىلىڭ› دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئۇ يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر شەھەرگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. ئەمما ئۇ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان ئاسماندىن رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى چۈشۈپ ئۇنىڭ

يېنىغا ھازىر بولۇپتۇ ۋە بۇ ئادەمنى ئۇلار تالىشىپ قاپتۇ. رەھمەت پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ تەۋبە قىلىش يولىدا مېڭىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ 100 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئادەم سۈرىتىدە بىر پەرىشتە ئەۋەتىپتۇ. پەرىشتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقارماقچى بولۇپ، ئۇلارغا دەپتۇ: «سىلەر مۇنداق تارتىشماستىن، ئاۋۋال بۇ ئادەم جان ئۈزگەن يەر ئۇ كەلگەن شەھەرگە يېقىنراقمۇ ياكى بارماقچى بولغان شەھەرگە يېقىنراقمۇ ئۆلچەپ كۆرۈڭلار، ئەگەر كەلگەن شەھەرنىڭ مۇساپىسى ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ مۇساپىسىدىن يېقىن بولسا، ئۇ دوزاخقا مەنسۇپ بولىدۇ، ئەگەر بارماقچى بولغان شەھەرگە يېقىن بولسا، جەننەتكە مەنسۇپ بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەم كەلگەن شەھەرنىڭ مۇساپىسىنى يىراق، ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ مۇساپىسىنى يېقىن قىلىپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە، ئادەم ئۆلگەن يەر ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرگە يېقىن بولۇپ چىققانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى جەننەتكە ئېلىپ كېتىپتۇ»[1].



(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سىز ھەر قانچە گۇناھكار بولسىڭىزمۇ سىزنىڭ دىلىڭىزنى يورۇتۇپ، غېمىڭىزنى يوقىتىپ، بەختىڭىزنى ئاچىدىغان بىر سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ رەببىمىزنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنفُسِهِمْ لا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «ئى(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا: «ئى بەندىلىرىم!» دەپ خىتاب قىلدى ۋە بۇ ئايەتنى كۆپ گۇناھ قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بەندىلەرگە خاس قىلدى. ئاللاھ تائالا گۇناھ ۋە خاتالىقلارغا پېتىپ كەتكۈچىلەرگە بۇنداق دىگەن يەردە، باشقىلارغا نىمە دەر بولغىيتى!

### ئاللاھ تائالا ھەر قانداق تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ

ئاللاھ تائالا گۇناھكار بەندىلىرىگە خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿تەقۋادارلار بىرەر چوڭ گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ قالسا، دەرھال ئاللاھنى ئېسىگە ياد ئېتىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ، گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم

(1) زۇمەر سۈرىسى 53 - ئايەت.

كەچۈرەلەيدۇ؟ ئۇلار قىلغان (گۇناھ) ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾[1].

﴿وَمَن يَعْمَلْ سُوءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ اللَّهَ يَجِدِ اللَّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ يەنى ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ﴾[2].

﴿إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلاً كَرِيمًا﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى (جەننەتتىن ئىبارەت) ئېسىل ماكانغا كىرگۈزىمىز ﴾[3].

﴿وَلَوْ أَنَّهُمْ إِذ ظَّلَمُواْ أَنفُسَهُمْ جَآؤُوكَ فَاسْتَغْفَرُواْ اللَّهَ وَاسْتَغْفَرَ لَهُمُ الرَّسُولُ لَوَجَدُواْ اللَّهَ تَوَّابًا رَّحِيمًا﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار (ساڭا ئىتائەت قىلماي) ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغاندا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتى﴾[4].

﴿وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِّمَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُمَّ اهْتَدَى﴾ يەنى ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 135 - ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 110 - ئايەت
(3) نىسا سۈرىسى 31 - ئايەت
(4) نىسا سۈرىسى 64 - ئايەت

تـوغـرا يولـدا ماڭغـان ئادەمنـى مـەن ئەلۋەتتـە ناھايىتـى مەغپىـرەت قىلغۇچىمـەن﴾[1].

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «ھەقىقەتـەن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ مەغپىرەت) قولىنى، كۈندۈزدە خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، كېچىدە يايىدۇ؛ كېچىدە خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، كۈندۈزدە يايىدۇ»[2].

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بىـر ھەدىس قۇدۇسـىدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈسىلەر، مەن بولسام ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلىمەن. مەندىن مەغپىرەت تىلەڭلار، مەن سىلەرنى مەغپىرەت قىلىمەن»[3].

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «ھەقىقەتـەن، بىر بەندە بىر گۇناھنى سادىر قىلسا، ئاندىن: ‹ئى ئاللاھىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ› دېسە، ئاندىن يەنە بىر گۇناھ قىلسا، ئاندىن يەنە: ‹ئى ئاللاھىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ› دېسە، ئاندىن يەنە گۇناھ قىلسا، ئاندىن يەنە: ‹ئى ئاللاھىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى

(1) سۈرە تاھا 82 ـ ئايەت.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ› دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جاۋابەن:‹مېنىڭ بەندەم ئۆزىنىڭ ئەيىپلىرىنى قىلغان بىر رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئەمدى بەندەم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلسۇن› دەيدۇ»[1].

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يىگىرمە ئىككىنچى رېتسىپ



# ھەربىر قەلبنى ئۆز ئاچقۇچى بىلەن ئېچىڭ

پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ھەربىر قەلبنى ئاچىدىغان مەخسۇس ئاچقۇچ بارلىقىنى، بىرىنى ئاچقان ئاچقۇچ بىلەن يەنە بىرىنى ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى «ھاياتىڭىزدىن ھوزۇر ئېلىڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسانلار يارىتىلىشتىكى ئورتاق تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، دۇرۇسلۇق، ھەققانىيلىق، ياخشى مۇئامىلە، ئادالەت، تەبەسسۇم قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئېسىل ئىشلارنى ياخشى كۆرۈشتە ۋەھەقسىزلىق، ئادالەتسىزلىك، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك قاتارلىقلارغا ئوخشىغان يامان ئىشلارنى يامان كۆرۈشتە ھەممە بىردەك ئىتتىپاق بولغىنى بىلەن، نۇرغۇن ئىشلاردا بىردەك ئەمەس. بەزىسى خۇشاللانغان ئىشتىن بەزىسى نەپرەتلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزى ئادەملەر ئۆيىگە مېھمان كەلسە خوش بولسا، بەزىسى ياقتۇرمىغانغا، بەزىسى كۆپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرسە، بەزىسى ئاز سۆزلەشنى ياقتۇرغانغا ئوخشاش. ئەمماشۇ

ئېنىقكى، ھەر كىم ئۆز خاراكتېرىگە ماسلاشقاننى ياقتۇرىدۇ. ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ھېسابقا ئالمايمىز؟ ھەركىمگە خاراكتېرىگە مۇناسىپ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟»

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان بىر ئاچقۇچ بار. ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە يېقىنلىقىنى قازىنىش، ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى تېپىشىمىز ۋە ئۇنىڭ قەلبىگە شۇ ئاچقۇچ بىلەن كىرىشىمىز شەرت. چۈنكى ئاپتوموبىلنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولمىغاندەك، ئەھمەتنىڭ قەلبىنى سەمەتنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى كۆپ يارالاق قىلىشنى ياقتۇرىدىغان بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە باش لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بېرىپ، لام ، جىم دېمەي ئولتۇرغان ئادەم ئۇنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويغاندەك، ئاز سۆزلەيدىغان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرماستىن ۋاتىلدايدىغان ئادەممۇ ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىپ قانداقمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرگىلى بولسۇن؟ بىز ماھارىتىمىزنى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلارغا ئايلاندۇرمايمىز؟



جورىڭىزنىڭ، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ۋە مۇدىرىڭىزنىڭ قەلبىنى ئاچقىدىغان

ئاچقۇچنى ئىزدەڭ. سىز ئۇنى تاپقان ۋاقتىڭىزدا نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز سىز خالىغان شەكىلدە يورۇشۇپ كېتىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سەھرالىق بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ تەرەت قىلىدۇ. ئۇنى كۆرگەن ساھابىلەر كۆتۈلمىگەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «توختاڭلار! ئۇ ئادەمنى ئالدىراتماڭلار، تەرىتىنى قىسىۋالمىسۇن» دەپ ئۇلارنى تەسكىن قىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «بۇ مەسجىدلەر تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان» دەپ چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ. ھېلىقى ئادەم گەپ قىلمايلا مەسجىدتىن چىقىپ كېتىدۇ. نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بۇ ئادەم مەسجىدكە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن تۇرۇپ «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دېگىنىدە، جامائەت ھەممە بىرلىكتە «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دەيدۇ. پەقەت ھېلىقى ئادەم يۇقىرى ئاۋازدا ‹ئى ئاللاھ! ماڭا ۋە مۇھەممەدكە رەھىم قىلغىن، بىز ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغىن› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە يۈزلىنىپ، ھېلىقى دۇئانى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورايدۇ. ئادەم ‹مەن قىلدىم›دەپ جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھنىڭ كەڭ رەھمىتىنى تار قىلىۋالدىڭ› دەيدۇ»[1].

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

دىمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە تەرەت قىلغان بىر سەھرالىق ئادەمنىڭ قەلبىنى چىرايلىق نەسىھەتى ۋە چەكسىز مېھرىبانلىقى بىلەن ئاچقان ۋە ئۇ ئادەمنىڭ چەكسىز سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولغان.

## ئىنسانلار مەدەنلەرگە ئوخشايدۇ

جىمى ئىنسان ئىنسانىي ھۆرمەتتە ۋە جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىدە ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە نۇرغۇن تەرەپلىرى ئوخشاش ئەمەس.

خۇددى مەدەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئالماس بىلەن ئالتۇنغا ئوخشىغان قىممەتلىك مەدەنلەر ۋە كۆمۈر بىلەن تۆمۈرگە ئوخشاش ئەرزان مەدەنلەرمۇ بولغىنىدەك، ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ئالماس بىلەن ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدىغان ئالىيجاناب ئىنسانلارمۇ ۋە ھاياتلىقتا ھېچ ئەھمىيىتى يوق،



ھەتتا يەر يۈزىگە ئېغىرلىقىدىن باشقا پايدىسى يوق ئىنسانلارمۇ بار.

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى «ھاياتىڭىزدىن ھۇزۇر ئېلىڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسانلارنى تەپەككۇر كۆزىڭىز بىلەن ئانالىز قىلىپ كۆرسىڭىز ئۇلارنىڭ خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىن چىقىدىغان مەدەنلەرگە ئوخشاش بىرەردىن مەدەن ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەدەنلەردە بولغىنىدەك يۇمشاقلىرى

ۋە قاتتىقلىرىمۇ بار، زىرائەتچىلىككە يارامىلىق مۇنبەت يەردەك پايدىلىق ۋە سېخىيلىرىمۇ بولغىنىدەك، سۇنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ھېچ نەرسە ئۇندۇرگىلى بولمايدىغان قاتتىق يەرگە ئوخشاش پايدىسىز، بېخىل ئىنسانلارمۇ بار. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ ئادەمنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن ئېلىنغان بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن ياراتقان بولۇپ، ئادەم باللىرىمۇ خۇددى يەرگە ئوخشاش بولۇپ چىققان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل تەنلىكمۇ بار، ئاق تەنلىكمۇ بار، قارا تەنلىكمۇ بار ۋە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلىكلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بار، قاتتىق تەبىئەتلىكمۇ، يۇمشاق تەبىئەتلىكمۇ بار.» شۇڭا ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، بۇ ئۆزگىچىلىكلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.»

## مۇئامىلە سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىز ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. تەبىئىيكى، تېيىلغاق ۋە قاتتىق يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغىنىڭىزدا، تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشىڭىزدىن قورقۇپ ئېھتىيات بىلەن ماڭىسىز، ئەمما يۇمشاق يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغىنىڭىزدا راھەت ۋە خاتىرجەم ماڭالايسىز. ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەسلىدە ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش چوڭ بىر سەنئەت. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خاراكتېر پەرقى كىچىك پەرقلەردىن ئەمەس. ھەتتا بىراۋنىڭ

خاراكتېرى يەنە بىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن: بىرەر مەسىلە ئۇستىدە ئىككى ئادەمگە مەسلىھەت سالسىڭىز، ئۇلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى كۆپ ھاللاردا بىر خىل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەزكۇر مەسىلىگە قارىتا تونۇشى ۋە ھەل قىلىش چارىسى ئۆزگىچە بولىدۇ.»

### كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرىشنىڭ يوللىرى

1 ـ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش. چۈنكى ئۇلار سىزگە ئىشەنچ قىلغاندىلا، ئاندىن سىزگە قەلبىنى ئاچىدۇ، سىزگە كۆڭلىدىن ئورۇن بېرىدۇ.

2 ـ ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئەخلاق پەزىلىتىنى ماختاش.

3 ـ ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئۆزىگە ھېس قىلدۇرۇش.

4 ـ ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا ۋە يېتەرسىزلىكلىرىگە كۆز يۇمۇش.

5 ـ ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق،

6 ـ ئۇلارغا تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلماسلىق.

7 ـ ئۇلارغا ھەدىيە ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ـ بىرىڭلارغا ھەدىيە بېرىشىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مۇھەببەتلىشىسىلەر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

يىگىرمە ئۈچىنچى رىستىپ

# ۋەدە قىلىسىڭىز چوقۇم ۋاپا قىلىڭ

ئىنسان كىلىشىم تۈزسە كىلىشىمگە رىئايە قىلىشى، بىرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنساني گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» دە ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئىسرا سۈرىسىدە: ﴿وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولًا﴾ يەنى ﴿ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار، شەكسىزكى، ۋەدىنىڭ سورىقى بار﴾[1] دېگەن.

ئادەمنىڭ گېپىدە تۇرۇشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك، گېپىدىن يېنىۋالمايدۇ، تويلاڭدىن توقاچ ئوغۇرلىمايدۇ، دەپ تونۇلۇشى ئۇنىڭدىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ۋەدىگەۋاپا

(1) ئىسرا سۈرىسى 34- ئايەت.



قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ بىرى ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، يەنە بىرى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىدۇر.

### سەگەك مېڭە بىلەن مەھكەم ئىرادە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئاملىدۇر

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىي «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن ئىرادىنىڭ سۇسلۇقى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش يولىدىكى ئىككى چوڭ توسالغۇدۇر. ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ھەرخىل، قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىشلار ئىنساننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك مېڭىنىڭ بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ۋەدىسىگە قانداقمۇ ئەمەل قىلالىسۇن! ئىنسان بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئىرادىسىگە كېلىشى، قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەل ئاشۇرۇش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. كىشىلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يولىدا ئۇچراشقان تەقدىر ـ قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى ۋە تۆلىنىدىغان بەدەل ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىدە سەگەك مېڭە بىلەن مۇستەھكەم ئىرادىنى مۇجەسسەم قىلغان ئادەم چوقۇم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ.»

## يىگىرمە تۆتىنچى رېتسىپ



# پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇڭ

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىسى ئۆز پرىنسىپىغا سادىق بولۇپ، قانداقلا بىر شارائىتتا بولسۇن، پرىنسىپتا چىڭ تۇرسا، بەزىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە كېلىدۇ. ئەمما پرىنسىپچى ئىنساننى ھەممە ئادەم سۆيىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى «ھاياتىڭىزدىن ھۇزۇر ئېلىڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئېتىقادىدا مۇستەھكەم بولغان كىشىلەرنى ھەركىم سۆيىدۇ. چۈنكى پرىنسىپچى ئىنساننى باشقىلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنالمىغان ۋاقىتلاردا سۆككەن بىلەن، ئۇنىڭغا چىن دىلىدا ھۆرمەت تۇيغۇسى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۇنى چوڭ بىلىدۇ. بېشىغا كۈن كەلگەن چاغلاردا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. پرىنسىپچى ئىنسان خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق دىن، ھەر قانداق پەلسەپە ۋە ھەر قانداق قانۇن ئىنسانلارنى پرىنسىپال بولۇشقا، ھەركىم ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.»

مەزكۇر كىتابتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان «ئۆز پرىنسىپىدا ھېچكىمدىن پارا ئالماسلىق بولغان مەسئۇل كادىر كىشىلەردىن پارا ئېلىپ ئەقلىنى ۋە روھىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرىدۇ، ئەقلىنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئىش كۆرىدۇ. ئۇ «ھەدىيە» ياكى «سوۋغات» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن پارىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىر - بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتماسلىقنى پرىنسىپ قىلىۋالغان ئەر - ئاياللارمۇ ھەرقانچە قىيىن شارائىتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ بىر - بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتمايدۇ.




خېرىدارلارغا سەممىي ۋە راستچىل بولۇشنى پرىنسىپ قىلغان سودىگەر ياكى دۇكاندار يالغان ئېيتمىسا زىيان تارتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولغان شارائىتلاردىمۇ قەتئىي يالغان ئېيتمايدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى «ھەقىقىي راستچىللىق - يالغان ئېيتىشتىن باشقا چارە قالمىغان ۋاقىتتا راست سۆزلەشتۇر» دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەرەبلەردە «راست سۆزلىگەن ئادەم چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇڭا قانداقلا بىر شارائىتتا بولسۇن، راست سۆزلەشنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلغان ئادەم راستچىللىقى سەۋەبلىك چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، قەتئىي زىيان تارتمايدۇ. تەبىئىيكى، بىر سودىگەرنىڭ يالغان ئېيتىپ تاپقان بۇگۈنكى ئون يۈەن ھارام

پۇلدىن راستچىل سودىگەرنىڭ راست سۆزلەپ تاپقان بىر يۈەن پۇلى ئاخىرقى ھېسابتا ياخشىدۇر ۋە بەرىكەتلىكتۇر.»

## يىگىرمە بەشىنچى رېتسېپ

# سىز ئۆزىڭىز بولۇڭ



دۇنيادا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى بولۇپ، ئىنسان شۇ ئۆزگىچىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن قىممەتلىكتۇر. ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە ئېرىتىۋەتكەن ئادەم قىممەتسىز ئادەمدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياراتقان ھەربىر مەخلۇق ئۆز ئالدىغا بىرەردىن مۆجىزە، بىرەردىن سەنئەتتۇر.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى **«ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ»** ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بەزىدە ئىنسان باشقا بىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوخشىغۇسى كېلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ نۇتۇق سۆزلەشتىكى ماھىرلىقىدىن تەسىرلىنىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ناتىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى يوق قىلغان هالدا، ئۆزى دورىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئالىمەن دېيىش ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى خۇددى پويىز ئۆزىنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتسە توختاپ قالغاندەك، ئادەممۇ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى يوقىتىپ قويسا، هاياتتا توختاپ قالىدۇ، ئىلگىرلىيەلمەي قالىدۇ.

ئادەملەر ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي قۇدرەتنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئىشقا سېلىشقا مۇھتاج. ئىنسان ئەگەر تىرىشىدىغان بولسا، ئۆزىدىكى تەبىئىي قۇدرەت خۇددى ئۈسۈملۈكلەر يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەممە ئۆز خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆسىدۇ ۋە يېتىلىدۇ. مەسىلەن: خورما دەرىخىدىن ئۈزۈم چىقمىغاندەك، ئالما دەرىخى شاپتۇل بەرمەيدۇ.»

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «باشقىلارنى دورايمەن دەپ باشقىلارغا سىڭىشىپ كەتمەڭ، شۈبھىسىزكى باشقىلارنى دوراش ئۆزىگە ئۆزى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەرگەنگە باراۋەردۇر. كۆپىنچە ئادەملەر ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئۆزىنى، ئاۋازىنى، سۆزىنى، ئىقتىدارىنى، شارائىتىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارغا ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. هالبۇكى ئۇ ساختا هال تارتىش، رەڭۋازلىق قىلىش، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى ئىنسانغا

قەدەر، چىرايى ئوپمۇ ئوخشاش ئىككى ئادەمنى ئۇچرىتالمايسىز - يۇ، تالانت ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئوخشىشىدىغان ئىككى ئادەمنى قانداقمۇ ئۇچرىتالايسىز؟ سىز ئەۋۋەل ھەم ئاخىردىمۇ ئوخشىشى بولمىغان ئالاھىدە مەۋجۇدات؛ باشقىلار ھەر قانچە قىلسىمۇ سىز بولالمايدۇ، سىزمۇ ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ باشقىلارغا ئايلىنالمايسىز. شۇڭا سىز كۆرگەنلا سەنەمگە دەسسەپ، ئۆزى خاسلىقىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. ئۆز سالاپىتىڭىزنى ۋە ئەخلاقىڭىزنى ساقلاڭ. ﴿وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا﴾ يەنى ﴿ھەربىر ئۈممەتنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار﴾[1] دېگەندەك، ئۆز تەبىئىتىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزدەك ياشاڭ. ئۆزىڭىزگە خاس بولغان ئاۋاز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىڭىزنى ئۆزگەرتمەڭ. ئىلاھىي ۋەھىي بىلەن ئۆز تەبىئىتىڭىزنى تاۋلاڭكى، ئۆز مەۋجۇدىيىتىڭىزگە سەل قاراپ، خاسلىقىڭىزنى يوقىتىپ چىقارماڭ.



سىز ئۆزىڭىزگە خاس چىراي، ئۆزىڭىزگە خاس ئەخلاقتا ئىگە قىلىنىپ يارالغانسىز. بىز ھەر ۋاقىت سىزنى سىز بولغان ھالىتىڭىزدە كۆرۈشنى خالايمىز. چۈنكى سىز شۇنداق يارىتىلغان، بىزمۇ سىزنى شۇنداق تونۇغان. شۇڭا ھېچكىم باشقىلارنى دورايمەن دەپ ئاۋارە بولمىغاي.

ئېنىقكى ئادەملەر ئۆز ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاش تاتلىق، چۈچۈمەل، يا چوك يا

(1) بەقەرە سۈرىسى 148 - ئايەت.

ئۇششاق بولىدۇ. ئەگەر سىز بانان بولۇپ يارىتىلغان بولسىڭىز، بىھى بولۇشقا ئۇرۇنماڭ. چۈنكى سىزنىڭ گۈزەللىك ۋە قىممىتىڭىز بانان بولغان چېغىڭىزدىلا نامايەن بولىدۇ. بۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىزنىڭ رەڭ، تىل، تالانت ۋە كۈچ - قۇدرىتىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. شۇڭا سىز ياراتقۇچىنىڭ دەلىلىنى ئىنكار قىلغۇچى بولۇپ قالماڭ.»



دالى كارنېگ مۇنداق دەپ يازغان: «سىز دۇنيادا ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز، ئوخشاي دېسىڭىزمۇ ئوخشىيالمايسىز. چۈنكى سىز يېگانە تەبىئەتكە ئىگە شەخسسىز. ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بىرى ئۆتمۈشلەردىمۇ سىزگە ئوخشايدىغان بىرسى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھازىرمۇ يوق، كېلىچەكتىمۇ تا قىيامەتكىچە ھەر تەرەپتىن سىزگە ئوخشايدىغان بىرسى يارىتىلمايدۇ. ئىرسىيەت مۇتەخەسسىسلىرى ھەر بىر تۇرەلمىدىكى 23 جۈپ كۇرۇموزۇمنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلەردە ئۇنى باشقا تۆرەلمىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە باشقىسىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ». دېمەك، سىز دۇنيادا ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز. ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىز بولۇڭ!

### مەيدانى يوق ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ

ھېكايە قىلىنىشىچە، رۇسىيىنىڭ زالىمى ستالىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنى تۈيۈقسىزلا مەنسىپىدىن ئېلىۋاتقان

ئىكەن. ستالىندىن بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، ستالىن مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بۇ ئەمەلدار مەن قانداقلا بىر ئىشتا مەسلىھەت سورىسام، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بويىچە مەسلىھەت بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ۋە كۆزقارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ، شۇڭا مەن ئۇنداق ئەمەلداردىن بىھاجەت بولدۇم» دېمىسىمۇ، مۇنداق بىر ئەمەلداردىن ياخشىلىق كۈتكىلى ياكى ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

### يېگىرمە ئالتىنچى رېتسېپ

# ھاياتىڭىز ئۈچۈن پىلان تۈزۈڭ



ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا خۇددى سۇدەك ھېسابسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ۋە ۋاقتىدۇر. ئىنسان تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، ئەقىل-ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە، ئۇ تېزلا قىرانلىق چاغلىرىغا يېتىپ قالىدۇ.

مىسىرلىق پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئىبراھىم فەقى «مەسئۇللۇقنىڭ سېھرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كۆپ سانلىق ئىنسانلار قىران چاغلىرىغا يەتكەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ياكى بىرەر غايە تۇرغۇزالماستىن، پىلانسىز، بولۇشىغا ياشايدۇ. ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا ھاياتى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ماڭىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئاران 3%نى، ئەمما ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ياكى غايە تۇرغۇزماستىن ياشايدىغانلارنىڭ نىسبىتى97%نى تەشكىل قىلىدىكەن. مەن كىم؟ نەگە بارىمەن؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ قويمايدىغانلار ھەر جايدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا: ﴿وَلْتَنظُرْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ لِغَدٍ﴾ يەنى ﴿ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن﴾[1] دەپ بىلدۈرگەن. بۇ ئايەت ئىنسانغا بۇ ھاياتلىق سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئەمر قىلىدۇ.»

## ھاياتتا مەلۇم نىشانىڭىز بولسۇن

پىسخولوگلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمدە بىرەر نىشان، بىرەر ئارزۇ، بىرەر غايە تىكلەنگەندىلا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ. چۈنكى نىشانسىز ھايات توغرىلانمىغان سائەتكە ئوخشايدۇ، سائەت ماڭىدۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتنى دەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا دېيىمىزكى، نىشانسىز ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى يوق. نىشانى بار، ئارزۇسى بار ئادەم ئۈچۈن مۇشەققەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. سىز نىشانغا قاراپ يۈگۈرگەن ۋاقىتتا نىشانمۇ سىزگە قاراپ يۈگۈرىدۇ. چۈنكى نىشانى بار ئادەم يېقىلسىمۇ ھۆزۈرلىنىدۇ، مەغلۇپ بولسىمۇ ھۆزۈرلىنىدۇ».

## نېمە ئۈچۈن پىلان تۈزمەيمىز؟

كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ۋە بىرەر غايە تۈرغۈزماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ھەشر سۈرىسى 18 - ئايەت.

1. تۈزگەن پىلانغا ئەمەل قىلالماسلىقتىن قورقۇش. ئىنسانلار بۇ قورقۇنچنى ئېغىزى بىلەن سۆزلىمىسىمۇ، بىرەر پىلان تۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالماي ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ۋە شۇنىڭ بىلەن روھىي مەنىۋىيىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى قانۇن- پىرىنسىپلارنى ياخشى كۆرگىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قانۇن- پىرىنسىپلار دائىرىسىدە ياشىشىنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ھۆرلۈكنى ۋە ئەركىنلىكنى كۆپرەك ياقتۇرىدۇ. ئەمما ھاياتتا ئۆزىگە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ پىلانلار بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

2. ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق. بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئىرادىسىزلىكىنى يوشۇرۇش ۋە ئۆزىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «ھەممە ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر» دەيدۇ. دۇرۇس، بۇنىڭغا ئىمانىمىز كامىل. چۈنكى ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان مەزكۇر كىشىلەر ئىسلىۋالغان بۇ سۆز ھەق سۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باتىل مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى پىلانلىق ۋە غايىلىك ياشاشقا بۇيرۇغان. باشقا



جانلىقلار پىلانسىز ۋە غايىسىز ياشايدۇ. ئەمما ئىنسان پىلانلىق ياشاشقا يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر.

3. كېچىكتۈرۈش. چۈنكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىك ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلىق ۋە ئۆز ھاياتىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ۋە سائادىتىنى كېچىكتۈرگەنلىكتۇر. كېچىكتۈرۈش كېسەللىكگە گىرىپتار ئادەم ھەر ئىشنى كېچىكتۈرىدۇ، ئەتە قىلىمەن، ئۆگۈن قىلىمەن، دەيدۇ-يۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ، ئۇ ئاخىرى، ئۆزىگە كېلىدىغان مۇناسىپ پۇرسەتنى كۈتۈش جەريانىدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.



4. پىلانلىق ياشاش ۋە قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن پىلان تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشەنمەسلىك. كۆپ ئادەملەر پىلانسىز، بولۇشىغا ياشاشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن، پىلاننى ياقتۇرمايدۇ ۋە پىلانلىق ياشاشنىڭ پايدىلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بەزىلىرى دەيدۇ: «مەن يىللاردىن بېرى پىلانسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما ئىشلىرىم غەلىبىلىك كېتىپ بارىدۇغۇ» دەيدۇ. بۇ دېگەن ئاندا-ساندا بولۇپ قالىدىغان ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئايرىم ھالەتلەر قائىدىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ھاياتنى ئاندا - ساندا كېلىپ قالىدىغان مەجھۇل تەلەي ئۈستىگە قۇرۇش خەتەرلىكتۇر.

5. بەزى كىشىلەر ھاياتتا پىلان

تۇزۇپ، شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، قانداق پىلان تۈزۈشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرى كېلىپ پىلان تۈزۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئالەمدىن كېتىپ قالىدۇ.

### پىلان تۈزۈش نېمە ئۈچۈن زۆرۈر؟

ھاياتلىق ئىشلىرىدا پىلان تۈزۈش ۋە شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ھاياتىمىزدا پىلان تۈزۈشنى بىز ئۈچۈن زۆرۈر قىلىدىغان 5 چوڭ سەۋەب بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش. چۈنكى ئىنساننىڭ ھايات ئىشلىرىدا، ئۇنىڭ بىر ەر مۇكەممەل پروگراممىسى ۋە بىر ەر مۇنتىزىم پىلانى بولسا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئاقىۋىتىنى ئۆز كونترولى ۋە ئۆز باشقۇرۇشى ئاستىدا تۇتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدىكى ھەممە ئىشتا يېتەرلىك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىنساننىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتىن ئالىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئەلۋەتتە چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. مۇنداق كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاياتلىقنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى يېڭىشتە چوڭ ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى ھەر ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ بارغان ئادەم ئىشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، مەخپىي تەرەپلىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ نىشانغا يېتىش يولىدا تۈزگەن پىلانلىرى ئۇنىڭ بارچە مۇشكىلاتلارنى ۋە توسقۇنلارنى يېڭىشى ئۈچۈن زاپاس قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. پىلان بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن ھۇزۇر ـ

هالاۋەت ھېس قىلىدۇ. خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك: «باشقىلار مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە!»

2. ئۆزىگە ئىشىنىش. ھاياتتا پىلانىڭىزنى ئوچۇق قىلىپ يېزىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا سىزگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ ۋە ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز بىردىنلا ئاشىدۇ. ئاندىن ھاياتلىق ئىشلىرىڭىزنى ئۆز كونترولىڭىزدا تۇتۇپ پىلانىڭىز بويىچە ئىش كۆرگىنىڭىزدە، بۇ ئىشەنچ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە سىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىتتىرىدۇ. ئاخىرىدا، سىزنى كۆزلىگەن مەقسەتكە ۋە زور ئۇتۇقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەمنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ ۋە يولىنى توسۇپمۇ قالالمايدۇ.

3. قىممەت يارىتىش. ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى قىممىتى ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. قىممەت يارىتىش ئىشى بولسا، پىلانلىق ھالدا ئىزچىل ئىشلەش ۋە تۇرماستىن ئىلگىرىلەش بىلەن بولىدۇ. پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشەنگەنلىكى بولۇپ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈرگەنلىكىدۇر.

4. ۋاقىتنى تېجەش. ئىنسان قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىن پىلانلىۋالغاندا، كۆپ ۋاقىتنى زايە بولۇشتىن ساقلاپ قالغان ۋە ئۇنى تېجەپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئاۋۋال نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز

ئىشلارغا ۋاقىت سەرپ قىلمايدۇ ۋە قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى ئالدى بىلەن قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقى ئۆزىنى ئۆلتۈرگىنىگە تەڭدۇر. چۈنكى ۋاقىت ئۆمۈر، ۋاقىت ھاياتلىقتۇر.

5. ھاياتىدا بىرەر پىلانى ۋە مۇئەييەن بىرەر مۇددىئاسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئىزتىراپ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە پىلان بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ئۆزلىرى بەختلىك كېلىدۇ. مۇنداقلا ھاياتىنىڭ تەمىنى بارچە لەززەتلىرى بىلەن تولۇق تېتىغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زاپاس ئېنېرگىيە ئۇلارنى ھاياتىنىڭ تەمىنى تېخىمۇ تولۇق تېتىشقا ئىتتىرىدۇ. خۇددى روزۋېلت ئېيتقاندەك: «بەخت ـ سائادەت پىلانلارنىڭ، تىرىشچانلىقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.»

### رەتلىك ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

قاراپ باقىدىغان بولساق، دۇنيادا قانۇن ـ ئىنتىزاملار پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا تۈزۈلىدۇ، ئىنساندىن باشقا جانلىقلار قانۇن ـ ئىنتىزام بىلەن ياشاشقا لاياقەتلىك ئەمەس. ئىنسان قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان يېگانە مەخلۇقاتتۇر.

ئىسلام مۇتەپەككۇر ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆي ۋە ئىش ئورۇنلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك تازىلىنىپ تۇرىدۇ. سەيپۇڭ ئۈستام ھەر ۋاقىت ئۈستىلى ئۈستىدىكى رەخت پارچىلىرىنى سۈپۈرۈپ

تاشلاپ، ئۇستىلنى تازىلاپ تۇرىدۇ، ھەر تاماقتىن كېيىن تاماق ئۈستىلى تازىلىنىدۇ ۋە پاك پاكىز ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. كادىرلار ئىشتىن چۈشۈشتىن ئاۋۋال ئۈستىلىنى رەتلەپ، ھەر نەرسىنى ئورنىغا قويۇۋېتىپ ئاندىن قايتىدۇ. دېمەك، رەتلەش، تەرتىپلەش ۋە ئورنىغا قويۇش ھەربىر ئىشتا مەۋجۇت. دۇنيادا ھەممە ئىش شۇنداق تەرتىپ - ئىنتىزاملىق بولۇشقا تېگىشلىك بولغان يەردە، ئىنسان ھاياتى تەرتىپكە لايىق ئەمەسمۇ؟



كۆرۈۋاتىمىزكى، ھەممە نەرسە رەتلىنىپ تۇرسىمۇ، پەقەت ئىنسان ھاياتىلا ۋاقتى قەرەلىدە رەتلىنىپ تۇرمايدۇ. ئەسلىدە ئىنسان ئۆزىنى رەتكە سېلىشقا ۋە تەرتىپلەشكە ۋە ئىنتىزامغا ئەڭ زور ئېھتىياجلىق مەخلۇقات. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلي ۋە ھېسسىياتى ھەمىشە بىر خىل تۇرالمايدۇ. بەلكى ھەر خىل شەھۋانىي تۈرتكىلەر ۋە ئىستەكلەر تۈپەيلى بۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن سۈركىلىشىپ تۇرىدۇ. ئەقىل ھېسسىياتنى يېڭىمەن دېسە، ھېسسىيات ئۆزىنى ئەقىلنىڭ ئالدىدا قويىمەن دەيدۇ. ناۋادا ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئىنتىزامسىز قويۇپ بېرىلسە، نەپسي شەيتان ھەممىگە غالىب كېلىپ، ئىنساننى پۇشايمان قىلىدىغان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.»

يىگرمە يەتتىنچى رېتسىپ

# قەلبىڭىز ساغلام بولسۇن

ئىنسان قەلبى ھەر خىل زىددىيەتلىك سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قەلبى يۇمشاق كەلسە، بەزىلەرنىڭ تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ سۈتتەك ئاپئاق كەلسە، بەزىلەرنىڭ قاپقارا كېلىدۇ. قەلبنىڭ يۇمشاقلىقى ئىماننىڭ ئەسىرى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قاتتىقلىقى كۇفرىنىڭ ئەسىرىدۇر. شۇنىڭدەك، دىلنىڭ ئاقلىقى ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسى بولغاندەك، دىلنىڭ قارىلىقى گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ئىزىدۇر. شۇڭا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئىككىلەنمەستىن قىلىدىغان ئادەملەرنى كىشىلەر «دىلى قارا ئادەم» دەيدۇ، ئاخلاقلىق ئادەملەرنى «دىلى ئاق ئادەم» دەيدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ دىلنى قارايتىۋېتىدىغانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ دىلنى يورۇتىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

بىراۋنىڭ قەلبىدىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ياكى دوزاخقا كىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. بىر مۆمىن ئايالنىڭ بىر مۈشۈكنى نان، سۇ بەرمەي باغلاپ قويغانلىقى سەۋەبلىك دوزىخى بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە يەنە بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسسۇزلىقتىن

هالسىراپ قالغان بىر ئىتقا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى سۇغۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك جەننەتتى بولۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى. چۈنكى قەلبنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن، قەلبنىڭ يۇمشاقلىقى ئۇنىڭ ساغلاملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## قەلب ئەمەللىرى ئىبادەتنىڭ ئەسلىدۇر

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «قەلب ئەمەللىرى ئىبادەتنىڭ ئەسلى ۋە ئاساسىدۇر. جىسمانىي ئىبادەت قەلب ئەمەللىرىنى تولۇقلىغۇچىدۇر. نىيەت ئەمەل - ئىبادەتلەرگە نىسبەتەن بەدەندىكى جانغا ئوخشايدۇ، جاندىن ئايرىلغان بەدەن ئۆلگىنىگە ئوخشاش نىيەتتىن خالىي قالغان ئەمەل بىكاردۇر. شۇڭا قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش جىسمانىي ئەمەللەرنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشتىن مۇھىم ۋە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ».

قەلب ئەمەللىرى دېگىنىمىز: ئىخلاس، تەقۋالىق، سەمىمىيەت، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇش، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىش، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

جىسمانىي ئىبادەتلەر دېگىنىمىز: ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىشلەش قاتارلىقلاردۇر.

ئىنسانىنىڭ قەلبى تۈزۈلسە، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى بۇزۇلسا، ئۇنىڭ بارچە ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى قەلب قوماندان، باشقا ئەزالار ئەسكەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇنۇتماڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزۈلسە بەدەننىڭ ھەممىسى تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ قەلبتۇر»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمانىنىڭ تاكامۇللىقمۇ قەلبىنىڭ ساغلام بولۇشىغا باغلىقتۇر. قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغىنى ساغلام قەلبتۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ئايەتلەردە «ساغلام قەلب» ئىككى ئورۇندا زىكىر قىلىنغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇددى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى بولغىنىدەك، ساغلام قەلب بابىدىمۇ ئىنسانىيەتكە پېشۋا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. قەلبىنىڭ ساغلام بولۇشىدىن ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئېقىملەردىن خالىي بولغىنىدەك، كىشىلەرگە قارشى دۈشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك، كۆڭلى تارلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇشى ۋە ھەر كىمگە كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان، مەرد، كۆيۈمچان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ئىشى ھەرقانداق بىر ئەزانى ئىسلاھ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىشتىن قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولغان بىر كۈرەشتۇر. چۈنكى قەلبنى ئىسلاھ قىلىش نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇنى يېڭىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. شۇڭا نەپسنىڭ شۆھرەتكە، مال ـ دۇنياغا ۋە ھەر قانداق بىر ئىنساني ھەۋەسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى يېڭەلمىگەنلەر نەپسنى ئىسلاھ قىلىش جېڭىدە يېڭىلگەن بولىدۇ. نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭەلمىگەن ئادەم قەلبىنىمۇ ئىسلاھ قىلالمايدۇ.



## قەلب ئەڭ ئۆزگىرىشچان ئورگاندۇر

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم بالىسىنىڭ قەلبى خۇددى قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەك ئۆزگىرىشچاندۇر» [1] دېگەن. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە «يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» يەنى «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مەھكەم قىلغىن»[2] دەپ دۇئا قىلىشىدىكى ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قەلب سۆزى ئەرەب تىلىدا «ئۆزگىرىش» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆرۈپ چۆرۈگەننى ئىپادىلەيدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش دېگەن خۇددى ئۆينى سۈپۈرگەندەك كۆڭۈلدىكى يامانلىقلارنى، ئۆچلۈك ـ ئاداۋەتلەرنى ۋە بارچە يامان

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئىللەتلەرنى بىر قېتىمدىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ قۇتۇلدىغان ئىش ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەپسىنىڭ ئىسيانكارلىقى ۋە شەيتاننىڭ كۈشكۈرتىشىنى باستۇرۇپ، قەلبنى ھەمىشە ئۆز كونتروللىدا تۇتۇپ، سەگەك، ھوشيار بولۇش، سىرتتىن كىرىدىغان مەنىۋى مىكروب تۇمانلىرىدىن قەلبنى قوغداش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## قەلبنىڭ ساغلاملىقى جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ‹ھازىر سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەم كېلىدۇ› دېدى. بىرئازدىن كېيىن راستتىنلا ئەنسارلاردىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇ تاھارەت ئېلىپلا كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ساقىلىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇنداق دېدى، يەنە شۇ ئادەم شۇ ھالىتىدە ھازىر بولدى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆھبەتتىن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى ۋە ئۇنىڭغا: ‹دادام بىلەن قېيىدىشىپ قېلىپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدىم. شۇڭا سەن مېنى ئۈچ كۈن قوندۇرغان بولساڭ› دەپ ئۆتۈندى، ئادەممۇ قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەتتى. كېيىن ئابدۇللانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۈچ كۈن بىللە تۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭدا سەھەر ئويغۇسىدىن

ئويغىنىپ بامدات ۋاقتىغىچە ئاللاھ تائالاغا زىكىر ۋە تەكبىر ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق كۆرمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ھەمىشە ياخشى سۆز قىلىدىغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن. ئابدۇللا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەن «ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، مەن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئاددىي ساناپ قالدىم ۋە ئۇ ئادەمگە‹ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! مەن راستىمنى ئېيتسام مەن دادام بىلەن قېيىدىشىپ قالغان ئەمەسمەن. پەقەت رەسۇلۇللاھتىن سېنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئارقا-ئارقا ئۈچ كۈن ئاڭلاپ ساڭا قىزىقىپ قالغانتىم. شۇڭا سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى ئۆگىنىپ ساڭا ئەگىشەي دېگەن مەقسەتتە سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلگەنتىم. ئەمما قارىسام چوڭ بىر ئىشلارنى قىلغىنىڭنىمۇ كۆرمىدىم. سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى جەننەتتى دېيىشىگە سازاۋەر قىلغان ئىشىڭ زادى قايسى؟› دەپ سورىدىم. ئادەم ‹مېنىڭ ئەمەللىرىم پەقەت سەن ئۈچ كۈندىن بېرى كۆرگىنىڭ شۇ› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىۋاتقانتىم. ئۇ مېنى چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى‹مېنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىم سەن كۆرگەنلىرىڭنىڭ ئۆزى. باشقىسى يوق. پەقەت مەن ھېچكىمگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايمەن، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ياخشىلىقلىرىغا كۆز قىزارتمايمەن›. شۇ ۋاقىت مەن ئۇنىڭغا‹ھە، ئەمدى بىلدىم. سېنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزگەن ۋە بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىش بۇ ئىكەندە› دېدىم»[1].

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسىدىن باشقۇرۇلىدۇ

ئىنسانلار تاشقى دۇنياسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى ئىچكى دۇنياسىدىن ـ ۋىجدانىدىن ـ باشقۇرۇلمىغۇچە جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىغىلى ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھەقسىزلىككە يول قويمايدىغان، ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتا، دۆلەت قانۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى جازادىن، تۈرمىدىن ۋە جەرىمانىدىن قورقۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار ۋە قورقۇپ تۇرۇپ، ھەق ـ ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلار، قانۇنىنىڭ ئارغامچىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىقىش يولى تاپقىچىلىك شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار قانۇنىنىڭ كونتروللۇقىدىن چىققان ھامان، ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھتىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن قورققان ۋە ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغان ھالدا، ھەق ـ ھوقۇقلارنى قوغدايدىغانلار ۋە ھاياتلىقتىكى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىدىغانلار، مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ۋاقىت ئاللاھنىڭ كونتروللىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىمانى بولغاچقا، ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىغا بوزغۇنچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ ـ دە، ھەر ئىشنى ئۆزىنىڭ ئىمانىي تەلىپى بويىچە ئادا قىلىشنى ئاۋۋالقى ئورۇندا قويىدۇ.

يېگىرمە سەككىزىنچى رېتسەپ



# ھاياتىڭىز ئۆز تەپەككۇرىڭىزنىڭ مەھسۇلىدۇر

ئۆلىمالاردىن بىرى «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۇستازىدۇر» دېگەن تېمىدا شېئىر يازغان ئىكەن. دېمىسىمۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ يول خەرىتىسىنى ئۆزى سىزىدىغان، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان يېگانە مەخلۇقاتتۇر.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ياكى بەختسىزلىكى، خاتىرجەملىكى ياكى بىئاراملىقى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ۋە ئۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ زېھنىدە مەۋجۇت بولغان ۋە ھېسسىياتىنى بەند قىلىۋالغان ئوي ـ پىكىرلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر.»

دالى كارنېگ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «تەپەككۇرىمىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ھاياتىمىز تەپەككۇرىمىزنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنداقتا، مۇشكىلە توغرا تەپەككۇرنى تاللاش

مەسلىسىدە بولماقتا. ئەگەر ئىنسان ھەر ئىشتا توغرا تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ. بىزنى گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار ۋە ئىللىق ئۆي - پىكىرلەر ئورىۋالغاندا، بىز ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز. ناۋادا بىزنى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئورىۋالسا، ئۆزىمىزنى بەختسىز ھېس قىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى گۇمان قىلىپ كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلساق كۆپ ھاللاردا راستىنلا كېسەل بولۇپ قالىمىز»

## مەنىۋى كۈچنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ

شەخسلەر ۋە كوللىكتىپ ئۈچۈن مەنىۋىياتنىڭ زور تەسىرىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. كۈچىنى ئەقىدىسىدىن ۋە مەنىۋىيىتىن ئالىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ غالىبىيىتى كۈچىنى ماددى ئەسلىھەلەردىنلا ئالىدىغان ئەسكەرلەرنىڭكىدىن پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەقىدە ۋە ئەخلاقنىڭ كۈچى ماددىي كۈچلەرنى يېڭىپ چۈشىدۇ. شۇڭا پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش بولغان ۋە ئەخلاقنى ھەر نەرسىدىن ئەۋزەل كۆرگەن. ئىنسان نەپسىيىتى بارچە دىنلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ماۋزۇسى بولغان. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ھەر قانداق مىللەت ۋە ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

## سىزنىڭ ئۆي - پىكىرىڭىز ھاياتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ

سىزنىڭ ھاياتىڭىز كاللىڭىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئۆي -

پىكىرلەردىن تەركىب تاپىدۇ. چۈنكى سىزنىڭ ھاياتىڭىز پەقەت ئۆزىڭىز قىلغان ئىش ـ پائالىيەت، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە ئېرىشكەن غەلىبە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىڭىزنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تەسەۋۋۇر پىلانغا يۆتكەلگەن، پىلان ئىرادىگە ئۆزگەرگەن، ئىرادە ئىش ـ ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئىش ـ ھەرىكەت بولسا سىزنى نەتىجىگە ۋە غەلىبىگە ئېلىپ بارغان. ئاندىن سىزنىڭ بىر نەتىجىدىن كېيىن يەنە بىر نەتىجە، بىر ئۇتۇقتىن كېيىن يەنە بىر ئۇتۇق قازىنىش جەريانىدىكى ۋاقتىڭىز سىنىڭ ھاياتىڭىزنى تەشكىل قىلغان.

ئۇنداقتا، سىز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆيغىنىڭ، ھاياتىڭىزنىڭ خەرىتىسىنى ئۆزىڭىز سىزىپ چىقىڭ، ئاندىن ئوي ـ پىكرىڭىزنى ۋە ئىمانىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. سىز شۇنداق قىلسىڭىز ھاياتىدا ئارزۇ قىلغانلىرىغا ئېرىشكەن غالىبلاردىن بولىسىز.

## يىگىرمە توققۇزىنچى رېتسېپ

# بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ، ئەتىنى كۈتمەڭ



ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەزى كىشىلەر تېخى يېتىپ كەلمىگەن كەلگۈسىنىڭ غېمىنى قىلىپ، بۈگۈننىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقىت چىقىرالماي قالىدۇ. ئىنسان باش ئاخىرى يوق ئويغا پاتقانسېرى ئۇنىڭ تەپەككۇرى بەك يىراقلارغا كېتىپ قېلىپ ۋەسۋەسە، ۋەھىمە قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، ئاندىن بۇ تەپەككۇر غەم ـ قايغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ.»

دالى كارنېگى بىزگە كەلمىگەن كېلىچەكنى كۈتمەي، بۈگۈننىڭ ئۆزىنى غەنىيمەت بىلىپ، ھاياتتا ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى سۇنىدۇ. ئۇلار بۈگۈننى غەنىيمەت بىلىپ ھارماي ئىشلەش ئارقىلىق ئەتىنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان كىشىلەر ئىدى.

بۇگۈننى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىنى كۈتمەسلىك دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەھلى ـ ئەۋلادى خاتىرجەم، تېنى ساق، شۇ كۈنلۈك رىزقى ئىلكىدە بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزغان ئادەم گويا دۇنيانىڭ ھەممە نېمەتلىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ»[1].

شەكسىزكى، ئەھلى، ئەۋلادىڭىز خاتىرجەم، تېنىڭىز ساق، بىر كۈنلۈك تاماقىڭىز ھازىر بولسا، سىز راستتىنلا دۇنيانىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغاندەك بولىسىز. چۈنكى بۇ ئۈچ نەرسە تولۇق بولغاندا، ئىنسان تەپەككۇر قىلالايدۇ، ئەقلىنى ئىشلىتەلەيدۇ، ھەتتا دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرەرسى تولۇق بولمىسا، ھاياتنىڭ تەمى يوقىلىدۇ، تەپەككۇرنىڭ ئىشىكى يېپىلىدۇ، ئەقىل تۇرغۇنلۇقتا قالىدۇ. بۇ نېمەتلەرنى ھەرگىز ئاددىي ساناشقا بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ نېمەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ كاتتا بايلاردىن ياكى مەنسەپلىك كىشىلەردىن بولالمىغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ، ئۆزىنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇگۈننى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىنى كۈتمەسلىك دېگەنلىك كېلىچەك ئۈچۈن پىلان تۈزمەڭ، ئەتىنى ئويلىماڭ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. كېلەچەككە كۆڭۈل بۆلۈش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما بۇ يەردە سۆكۈلگىنى كەلمىگەن ئەتىنى ئويلاپ

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

بوّگوّننى قولدىن بېرىشتۇر. ئەنگلىيەلىك ئەدىب توماس كارلايىل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىز ئۈچۈن يىراقتىن كۆرۈنگەن نىشانغا كۆز تىكىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى بوّگوّنكى ئىشنى پۈتتۈرۈشتۇر.»

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەتىگەن تۇرسىڭىز ئاخشامنى كۈتمەڭ. سىز ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن تۈنۈگۈننى ياكى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئەتىنى ياشىمايۋاتىسىز، پەقەت مۇشۇ بىر كۈننىلا ياشاۋاتىسىز. خۇددى سىز بوّگوّنلا دۇنياغا كەلگەن ۋە بوّگوّنلا ئۆلىدىغاندەك مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنىڭلا غېمىنى يەڭ. تۈنۈگۈننىڭ ھەسرىتى ۋە ئەتىنىڭ ئەندىشىسى بىلەن بەند بولۇپ قالماڭ. سىز مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنى غەنىمەت بىلىڭكى، بۇ كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىڭ. ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇش، تەن ساغلاملىقىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈش، قىياپىتىڭىزنى تۈزەش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بوّگوّنكى بىر كۈنلۈك ئىشلىرىڭىزدۇر. مۇشۇ بىر كۈننىڭ سائەتلىرىنى يىللارغا، مىنۇتلىرىنى ئايلارغا ۋە سېكۇنتلىرىنى كۈنلەرگە بۆلۈڭ. مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنى باشقىلارغا ئازار بەرمەستىن، ھەسەد قىلماستىن ۋە ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەستىن تىنچ سالامەت ئۆتكۈزەلىسىڭىز غەنىيمەت دېگەن شۇدۇر. ﴿فَخُذْ مَا آتَيْتُكَ وَكُن مِّنَ الشَّاكِرِينَ﴾ يەنى ﴿مەن ساڭا ئاتا قىلغاننى قوبۇل

قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن﴾[1]. قەلبىڭىزنىڭ ئىچ قىتىغا «بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ، ئەتىنى كۈتمەڭ» دېگەننى پۈتۈۋېلىڭ. بۈگۈن ئىسسىق، يۇمشاق ۋە لەززەتلىك بىر ناننى يېيىشكە نەسىپ بولغان بولسىڭىز، تۈنۈگۈننىڭ قاتتىق نېنى ياكى كەلمىگەن ئەتىنىڭ كۈتۈلگەن مەجھۇل نېنى ئىچىڭىزنى سۇرۇۋاتامدۇ؟ بۈگۈن تاتلىق سۇ ئىچكەن بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن تۈنۈگۈن ئىچكەن شورلۇق سۇ ئۈچۈن قايغۇرىسىز؟

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە راستچىل بولىدىغان بولسىڭىز پۇلاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆزىڭىزنى «مەن پەقەت بۈگۈن ئۈچۈنلا ياشايمەن» دېگەن نەزەرىيەگە كەلتۈرەلەيسىز. شۇنداق قىلغاندىلا مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنىڭ ھەر بىر دەقىقىسى سىز ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەتلىك بولالايدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا سىز بىلىم سەۋىيىڭىزنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىڭىزنى يېتىلدۈرۈش، ئەخلاقىڭىزنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقىلار قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى بېجىرەلەيسىز.

ھاياتنى ئەڭ گۈزەل سۈرىتىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۈچۈن «بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ، ئەتىنى كۈتمەڭ» دېگەن بۇ سۆز سائادەتلەر قامۇسىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزدۇر.

## كېلىچەكنى يېتىپ كەلگۈچە قويۇپ تۇرۇڭ

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھادىسىلەرنى قوغلىماڭ. بالىنى ئاي كۈنى

(1) ئەئراف سۈرىسى 144 - ئايەت.

توشۇشتىن بۇرۇن تۇغدۇرماقچىمۇسىز ياكى مېۋىنى پىششىتىن بۇرۇن ئۈزمەكچىمۇ؟! ئەتە دېگەن ھازىر ۋۇجۇدتا يوق نەرسە، بۈگۈن ئۇنى سىز ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسىز. نېمە ئۈچۈن پىكىر - خىيالىڭىزنى كەلمىگەن ئەتىنىڭ ھادىسىلىرى، مۇسىبەتلىرى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرى بىلەن بەند قىلىۋالىسىز. ئەتىنى بىز كۆرەلمىدۇق ياكى كۆرەلمەمدۇق ئۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. ھەرھالدا ئۇ غەيبىي ئالەم. ئۇ تېخى زېمىن يۈزىگە يېتىپ كەلگىنى يوق.

كېلىچەكنى ئويلاش ئۈچۈن زېھىن ساھەسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئايرىش، غەيبنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدا كۈتۈلمەكتە بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈچۈن قايغۇرۇش شەرىئەتتە چەكلەنگەن بىر ئىشتۇر. چۈنكى بۇ تېخى شاخلانمىغان ئۈجمىنىڭ سايىسىنى تالىشىپ مۇشتلاشقانغا ئوخشاش بىھۇدىلىكتۇر. كۆپىنچە كىشىلەر كېلىچەكنىڭ ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، ئاغرىق - سىلاق قاتارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن تولغان قورقۇنۇشلۇق بىر ئالەم ئىكەنلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتان مەكتىپىنىڭ دەرسلىكلىرىدۇر: ﴿الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاء وَاللّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلاً وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ؛ ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

قايغۇرغۇچىلارنىڭ تولىسى ئەتە ئاچ قېلىشتىن، كېيىنچە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يىغلايدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى 268 - ئايەت.

ئۆمرى ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بولمىغان كىشىنىڭ ئۆز مۈلكى بولمىغان نەرسىگە يېغلىشى ۋە قايغۇرۇشى ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس.

ئەتە يېتىپ كەلگۈچە ئۈنى ئۈنۈتۈپ تۇرۇڭ. ئەتىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ۋەقەلىكلىرى بىلەن مەشغۇل بولماڭ. چۈنكى سىز بۈگۈن بىلەنلا مەشغۇلسىز.

### ئوتتۇزىنچى رىتسىپ

# ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىڭ

ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى تىلەش ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئاجىز، ئاللاھ تائالا كۈچلۈكتۇر، ئىنسان موھتاج، ئاللاھ تائالا ئاتا ـ ئېھسان ئىگىسىدۇر، ئىنسان بىچارە، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. شۇڭا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولىدۇ، ئۆزى ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ئىخلاسلىق ئىبادەت ئۈستىدە بولغان ۋە ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئا ـ ئىبادەتتۇر» دېگەن، ئاندىن: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ يەنى ﴿رەببىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا

جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان»[2]. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى دۇئا قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ ۋە تىلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇسۇلمانلارنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ يەنى ﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن﴾[3] دېگەن. دېمەك، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ سەممىي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى تىلەپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغان ۋاقتىدا، ئىبادەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىبادەت دېگەنلىك ئۆزىنى يارىتقۇچىغا خار قىلىش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىش ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ مەنە دۇئادا ئەڭ تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنسان باشقا ئىبادەتلەرنى كۆڭلى باشقا يەردە تۇرۇپمۇ ئادا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما دۇئانى ئۇنداق قىلمايدۇ،



(1) غافىر سۈرىسى 60 - ئايەت.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) غافىر سۈرىسى 60 - ئايەت.

بەلكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ھاجىتىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، كۆز يېشى تۆكىدۇ، ھاجەتلىرىنى قايتا ـ قايتا تىلەيدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، دۇئا قىلىش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قولدىن بەرمەي تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزمۇ سەۋەب بىلەن دۇئانى قولدىن بەرمىگەن.

دۇئا مۇئمىن ئادەمنىڭ قالقىنىدۇر. چۈنكى مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ تايىنىش ئارقىلىق بالا ـ قازالاردىن ۋە تۈلۈك بەختسىزلىكلەردىن ساقلىنالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەقدىردىن قاچقىلى بولمايدۇ. بىراق دۇئا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «قازا ۋە قەدەرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «پۈتۈلگەن ئىش كەلسە، ھەزەر قىلغانلىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، دۇئا يۈز بەرگەن ۋە ياكى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارغا پايدىلىق بولىدۇ، بالايىئاپەت كەلسە دۇئا ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدۇ ـ دە، بۇ ئىككىسى تا قىيامەتكىچە شۇنداق ئېلىشىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغا ئورۇنلار ۋە ۋاقىتلار

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايىتى.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلار بولغىنىدەك، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار باردۇر. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىسى بەزىسىدىن مۇھىم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا دۇئا قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىتلارنى ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلارنى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇسۇلمان ئادەم بۇ ۋاقىتلارنى غەنىيمەت بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سەجدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر. سەجدە نامازنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇنۇتمىغىنكى، سېنىڭ ئاللاھقا قىلغان ھەربىر سەجدەڭ بىلەن سېنىڭ مەرتىۋەڭ بىر دەرىجە كۆتىرىلىدۇ ۋە بىر گۇناھىڭ ئۆچۈرۈلىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك لەھزىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇ بۇ لەھزىلەردە ئالەملەرنىڭ رەببى



(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئىنسان ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كاتتا بىر ئىبادەت ئىچىدە ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىپ كېتىدۇ، مەنىۋىيىتى يۇكسىلىدۇ، كۆڭلى ھاياجانغا تولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئۇل ھازىرلايدۇ. سەجدىدە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر ۋە دۇئالار تولىمۇ كۆپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆپ زىكىرلەرنى ئېيتاتتى ۋە كۆپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان دۇئاسى: «يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» يەنى «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مەھكەم قىلغىن»[1] دېگەن دۇئا ئىدى. بۇ دۇئانى سەجدىدە قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىدا مەنئى قىلغان بىرەر ھەدىس كەلمىگەن.

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، ياكى ئارتۇقچە بىر ئىبادەت ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. دۇئادىن باش تارتقان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. يۇقىرىقى ﴿شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. دۇئانى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا قىلىش لازىم. بولۇپمۇ سەجدىدە كۆپرەك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئابدۇلئەزىز

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

بىن باز مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەمنىڭ نامازدا دۇئا



قىلىشى زۆرۈردۇر. ناماز مەيلى پەرز ناماز بولسۇن، مەيلى نەپلى ياكى سۈننەت ناماز بولسۇن، ھەر قانداق بىر نامازدا دۇئا قىلىش كېرەك. نامازدىكى دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت سەجدە قىلغان ۋاقىتتۇر. يەنە ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ۋاقىت بىلەن نامازنىڭ ئاخىرىدىكى تەشەھھۇدتىن كېيىنكى ۋاقىتمۇ دۇئا قىلىش كېرەك بولغان ۋاقىتلاردۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇدا ۋە سەجدىدە «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي» يەنى **«سۇبھانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋەبىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى»**[1] دېگەننى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە «سُبْحَانَ رَبِّيَ ٱلْأَعْلَىٰ» يەنى **«يۇقىرى مەرتىۋىلىك رەببىم پاكتۇر»**[2] دېگەن تەسبىھتىن باشقا «سُبْحَانَ رَبِّيَ ٱلْأَعْلَىٰ وَبِحَمْدِهِ» يەنى **«يۇقىرى مەرتىۋىلىك رەببىم پاكتۇر، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن»**[3]، «سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلَائِكَةِ وَالرُّوحِ»

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئەھمەد، تەبەرانى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

يەنى «رەببىم پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىلنىڭ رەببىدۇر»[1] دېگەن تەسبىھلەرنى ۋە مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇيتتى: «سُبحانَكَ اللَّهُمَّ ربَّنَا وَبِحَمْدِكَ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي» يەنى «ئى بىزنىڭ رەببىمىز بولغان ئاللاھ! سەن بارچە نۇقسانلاردىن پاكسەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[2]، «اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ دِقَّهُ وَجِلَّهُ، وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ، وَعَلاَنِيَتَهُ وَسِرَّهُ» يەنى «ئى ئاللاھ! مېنىڭ چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بۇرۇن ۋە كېيىن قىلغان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن»[3]، «اللَّهُمَّ اجْعَلْ لِي فِي قَلْبِي نُوراً، وَفِي لِسَانِي نُوراً، وَفِي سَمْعِي نُوراً، وَفِي بَصَرِي نُوراً، وَمِنْ فَوْقِي نُوراً، وَمِنْ تَحْتِي نُوراً، وَعَنْ يَمِينِي نُوراً، وَعَنْ شِمَالِي نُوراً، وَمِنْ بَيْنِ يَدَيَّ نُوراً، وَمِنْ خَلْفِي نُوراً، وَاجْعَلْ فِي نَفْسِي نُوراً، وَأَعْظِمْ لِي نُوراً» يەنى «ئى ئاللاھ! دىلىمنى ئاق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى نۇرلۇق قىلغىن ۋە ماڭا ئاتا قىلغان نۇرۇڭنى كاتتا قىلغىن»[4]، «اَللَّهُمَّ أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ. لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ، أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭغا سىغىنىپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ئاپىيىتىڭگە سىغىنىپ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن. سېنى سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيەلىگەن رەۋىشتە

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مەدھىيەلەشتىن ئاجىزمەن»[1]، «اللَّهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا» يەنى «ئى ئاللاھ! ماڭا تەقۋالىق ئاتا قىلغىن، نەپسىمنى پاكلىغىن. سەن نەپسىمنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن»[2].

## دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلىش خاتا ئەمەس



سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مەرھۇم سالىھ ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «بەزى فىقھشۇناس ئالىملار سەجدىدە دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ دىنىمىزدىن ئاساسى يوقتۇر. توغرىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم سەجدىدە مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك پۈتۈن تىلەكلىرىنى تىلىسە بولىدۇ. چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى سەجدىدىكى ياكى باشقا ۋاقىتتىكى دۇئالاردا دۇنيالىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توسمىغان. ئۇنىڭ «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[3] دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق دۇئانى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.»

## ئەتىگەن ـ ئاخشاملىق ۋەزىپىنى ئۇنۇتماڭ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.



مەن تۆۋەندە سىزگە بەخت سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئادىمىي - جىنىي شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر كۈنى سەھەردە - ئاخشامدا ئوقۇيدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى تەۋسىيە قىلىمەن:

1 - ﴿اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ (بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

2 - ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ . اَللَّهُ الصَّمَدُ . لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ . وَلَمْ يَكُنْ لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ﴾.(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ)

3 - ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ . وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾.(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ)

4 - ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ . مَلِكِ النَّاسِ . إِلَهِ النَّاس . مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ . الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ . مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ﴾.(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ)

5 - أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلّٰهِ، (ئاخشاملىرى: «أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلّٰهِ» دەپ ئوقۇلىدۇ) وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هٰذا الْيَوْمِ وَ خَيْرَ ماَ بَعْدَهُ، (ئاخشاملىرى: «هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ.) وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هٰذا الْيَوْمِ وَ شَرِّ ماَ بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى: «هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا»

دەپ ئوقۇلىدۇ) رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ. رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ النَّارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ.

6 - اَللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا، وبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النُّشُور (ئاخشاملىرى «وإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» دەپ ئوقۇلىدۇ).(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

7 - اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ.

8 - اَللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي (ئاخشاملىرى: «مَا أَمْسَى بِي» دەپ ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَةٍ أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطَانِكَ.(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

9 - اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إله إلاَّ أَنْتَ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إلهَ إلاَّ أَنْتَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

10 - ﴿حَسْبِيَ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ﴾ (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ).

11 - «بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ». (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

12 - «رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وَبالْإِسْلاَمِ دِيْناً، وَ بِنَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً».(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

13 - «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ». (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

14 - «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ». (10 قېتىم ئوقۇلىدۇ).

15 - «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ».

## يۇقىرىقى زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ تەرجىمىسى

1. ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھەچ نەرسە بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى[1] ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ، بۇ ئىككىسىنى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾[2].

2. ﴿(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە - يېگانىدۇر.

(1) كۇرسى - «ئورۇندۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كەيپىيتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ( «ئەيسەرۇتتەفاسىر» بىرىنچى توم، 245 - بەت.)
(2) بەقەرە سۈرىسى 255 ـئايەت.

ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[1]

3.﴿(ئى پەيغەمبەر! سەن) «مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇقتا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھرىگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۈبھىنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ) گە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن » دېگىن.﴾[2]

4.﴿(ئى پەيغەمبەر! سەن) «ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ) غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا بەزىدە ۋەسۋەسە قىلىپ، بەزىدە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان جىن شەيتانىنىڭ ۋە ئادىمىي شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.﴾[3]

5. «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، (بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ كىردى)، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. رەببىم! بۇ كۈنىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن،

(1) ئىخلاس سۈرىسى
(2) فەلەق سۈرىسى
(3) ناس سۈرىسى .

(بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن)، ساڭا سىغىنىپ بۇ كۈنىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن). رەببىم! ساڭا سىغىنىپ ھۇرۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. رەببىم! ساڭا سىغىنىپ دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن»[1]

**6.** «ئى ئاللاھ! ئەتىگەندە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچلىدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تopىلىنىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. (قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ تەرىپىڭدۇر)»[2]

**7.** «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سىغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»[3]

---

(1) ئىمام مۇسلىم ۋەئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**8.** «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ( ھەمدە ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. ئى رەببىم! سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە مەرتىۋەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[1]

**9.** «ئى ئاللاھ! تېنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ كۇفرىلىقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر»[2]

**10.** «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تاياندىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ رەببىدۇر»[3].

**11.** «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[4]

**12.** «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد

(1) ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(3) تەۋبە سۈرىسى. 129 ـئايەت
(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[1]

**13.** «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە، ئەرشىنىڭ زىننەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىياھلارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغۇچە ھەمدۇسانالارغا لايىقتۇر»[2]

**14.** «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغاخاستۇر. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر».[3]

**15.** «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن».[4]

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.






# ھەربىر ئىشنى پۇختا قىلىش

دىنىنىڭ ئۈچ مەنبەسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. «ئېھسان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ئىشنى پۇختا قىلىش» دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. ئەمما ئېھسان ئىماننىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە ئىشنى پۇختا قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى: ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «إِحْسَان» (ئېھسان) دېگەن سۆز «إِتْقَان» (ئىتقان) يەنى ھەربىر ئىشنى پۇختا قىلىش، پۇختا ئورۇنداش، كامالەتكە يەتكۈزۈش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) سەجدە سۈرىسى 7 - ئايەت.

بىر كۈنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھسان توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان ۋە ئىسلامنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئېھساننى «ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1] دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ئېھساننىڭ ئىبادەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئادەم ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغاندەك، دىن ۋە دۇنيالىقتا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى شۇنداق قېتىرقىنىپ قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئاساستا ئىش كۆرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇئمىن ئادەم ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن قانائەتتە چىن ئىخلاسى بىلەن قېتىرقىنىپ،ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ مۇئمىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. مۇنداق كىشى «قۇرئان كەرىم» دىكى ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَواْ وَّالَّذِينَ هُم مُّحْسِنُونَ﴾ ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋالىق قىلغۇچىلار ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەتتە

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) نەھل سۈرىسى 128 ـ ئايەت.

تىلغا ئېلىنغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇش مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. دېمەك، «مۇھسىن» يەنى (ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچى) دېگەن سۆپەت «مۇئمىن» دېگەن سۆپەتتىن خاس سۆپەت بولۇپ، ھەرقانداق مۇھسىن مۇئمىن دېيىلىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىن مۇھسىن دېيىلمەيدۇ.

ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئورۇنداپ قويىدىغان ئادەم نە ئاللاھ تائالانى، نە ئىنسانلارنى رازى قىلالمايدۇ، مۇنداق ئادەم ھېچكىمنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ سۆيگۈسىگە لايىق بولالمايدۇ. مۇنداق ئادەم دۇنياۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر قۇرۇلۇشچى مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى شىركەت لىدېرىگە ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپتۇ. بىراق لىدېر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن ياخشى بىر ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئاندىن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قۇرۇلۇشچى ياق دېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا ماقۇل دەپتۇ ۋە شۇ ئۆينى تېزرەك پۈتكۈزۈپ بېرىپ، شۇ لىدېرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپتۇ.

قۇرۇلۇشچى دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپ تۇرغاندا، لېدىرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم بىر ئۆي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا قەتئىي خوش ياقمىغان بولغاچقا، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ پۈتتۈرۈپ بېرىشكە باشلاپتۇ. قۇرۇلۇشچى ئۆيگە ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ ياخشى تاللىماي، ئەرزان ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قىلماي، تاملىرىنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ، ئۆينىڭ قۇرۇلۇشىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي بولۇشىغا ئىشلەپ، ئۆينى پىلاندىن بۇرۇنلا پۈتتۈرۈپ چىقىپتۇ.

ئۆينى پۈتتۈرۈپ بولغىنىغا خۇشال بولغان قۇرۇلۇشچى ئەتىسى لېدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كېلىپ، «بولدى، ئۆي پۈتتى، مەندىن شۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ مېنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەيسىز» دەپ ئاچقۇچنى لېدىرنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. لېدىر بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشچىغا قاراپ: «ھە بوپتۇ، تېزلا پۈتتۈرۈپ چىقىپسىز. بۇ ئۆينى ئەسلىدە بىز سىزنىڭ شىركىتىمىزگە ئاتىغان قىرىق يىللىق ئەمگىكىڭىز بەدىلىگە سىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىدۇق. ئاچقۇچنى ئېلىڭ، ئۆي سىزنىڭ، ياخشى ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ» دەپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى قۇرۇلۇشچى ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا سېلىپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەپتۇ. ئەمما بۇ چاغدىكى پۇشايمان نېمىگە ئەسقاتسۇن!

سىز ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مۇشۇ ھېكايىدىكى

قۇرۇلۇشچىغا ئوخشاش پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالسىڭىز قانداق قىلارسىز؟ بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

بۇ دۇنيا بىزنىڭ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مەيداندۇر. ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇمىزنى مۇشۇ دۇنيادا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى خام ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىمىز. تۇرالغۇمىزنى ئېسىل قەسىر قىلىپ سېلىش ياكى كەپىدەكلا ئاددىيلا سېلىش قويۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ جەننىتىنى ياكى دوزىخىنى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى يارىتىدۇ.

دېمەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دىنىمىزنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسىدۇر. بۇمەرتىۋىگە يەتكەنلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغۇچىلاردۇر.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى دۇنيالىق ئىشلارنى ساختىلىق بىلەن، كۆز بويامچىلىق بىلەن، قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، پەن - تېخنىكىدا، ئىشلەپچىقىرىشتا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىن خېلىبەك ئارقىدا تۇرماقتا. چۈنكى ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا چامى يېتىدىغان نەرسىلەرنىمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىن ئېلىپ كېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتلىك ئەمەل - ئىبادەتلەرنىمۇ

رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا، يۈرۈش - تۇرۇشىغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئەمەل - ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەنلىكى چىقىدۇ. بۇ دۇنيادا مېۋىسى ۋە تەسىرى كۆرۈلمىگەن ئەمەل - ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتتە ئەسقېتىشى تەسەۋۋۇردىن يىراقتۇر. چۈنكى دىنىمىزنىڭ پېشۋالىرى بولغان ساھابە كىراملار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن، ھەتتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۆز قىزلىرىنى نومۇستىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە كۆمۈۋەتكەن كىشىلەرمۇ، ئىسلامدىن كېيىن ئەخلاق - پەزىلەتتە دۇنياغا ئۈلگە ياراتقان، دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھادقا ئاتلانغان كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئەمەل - ئىبادەت تەسىر قىلسا، ئەنە شۇنداق تەسىر قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلىپ قويىدىغان ئەمەل - ئىبادەتلەر ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دېمەك، قولىنىڭ ئۈچىدا قىلىپ قويغان ئىش يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ.

ئوتتۇز ئىككىنچى رېتسېپ

# بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەك



ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەربىر نەپەستە، تومۇرلاردىكى قاننى ئىتتىرگەن ھەربىر ھەرىكەتتە بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز بۇ كاتتا نېمەتلەرنى كۆپىنچە ھېس قىلمايمىز ۋە بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمەيمىز.

بىز بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى ئۆزلىكىدىن تەييارلانغان ھالدا قوبۇل قىلىمىز. بىز قىلماقچى بولغاننى شۇنداقلا كۆڭلىمىزگە كەلتۈرۈش بىلەنلا بۇ ئىش ئۆزلىكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: ئولتۇرۇپ - قوپۇش، يۈرۈش - تۇرۇش ۋەھاكازالارغا ئوخشىغان ئىختىيارىي

ھەرىكەتلىرىمىز.

بەزى نېمەتلەرنى چەكلىك شارائىتلاردا ۋە كۆڭۈللۈك مۇھىتلاردا ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇنى ھېس قىلدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھتىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان.



ئومۇمىي ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان ئاللاھنىڭ سانسىز نېمەتلىرىنى ھېس قىلماستىن، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن غەپلەت ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە.

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت ئىگىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ. گويا ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تارتۇۋېلىنغان ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغاندەك ياكى بۇ نېمەتلەر پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئىكەندەك قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمايدۇ.

بۇنداق تۈزكورچە چۈشەنچە ۋە خاتا تونۇشتىن ھەرگىزمۇ شۈكۈرنىڭ غۇنچىلىرى ئۈنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شۈكۈرنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن سىز بەزى كىشىلەرگە ياخشىلىق قولىڭىزنى سۇنغان ۋە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان پوزىتسىيىسى ناچار،

مۇئامىلىسى سوغۇق ۋە رەھمەت سۆزى يوق بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سىزنى نەپرەتلەندۇرەمدۇ؟ ئۇنۇتماڭكى، بۇ خىلدىكى تۇزكور ئىنسانلار مۇندىن بۇرۇن سىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھقىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە ﴿وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ﴾ يەنى ﴿بەندىلىرىمدىن كۆپلەپ شۇكۇر قىلغۇچىلار ئازدۇر﴾[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟

دالى كارنېگ بىزگە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۇزكورلۇق مەسىلىسى توغرىلىق مۇنداق بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرىدۇ: «سىز بىراۋنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن شۇ قىلغىنىڭىز بەدىلىگە رەھمەت سۆزى كۈتەمسىز؟ بەلكى شۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سەمۇئىل لايبىتىز ئاۋۋال ئادۋوكات، كېيىنچە سوتچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 78 كىشىنى تۈرمە ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان.

ئەيسا پالەج كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 10 ئادەمنى بىركۈندىلا ساقايتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن قانچە كىشىنى ئەيساغا رەھمەت ئېيتتى دەيسىز؟ ئارانلا بىر ئادەم. ئەمما باشقىلار شۇنچە ئەرزان رەھمەت سۆزىنىمۇ ئېيتماستىن قايتىپ كېتىشكەندى.

چارلىز شەۋاب ماڭا مۇنداق بىر قىسسىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئىمبارگوغا ئۇچرىغان بىر سەرراپنى تۈرمە

---

(1) سەبەئ سۈرىسى 13 - ئايەت.

جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. لېكىن سەرراپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىمۇ؟ ھەئە بىر كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ناھايىتى قىيىن دېيەلىدى، ئاندىن ئۇنى ئارقىسىدىن تىللاشقا باشلىدى.»

دالى كارنېگ گويا ئاللاھنىڭ ﴿إِنَّ الإِنسَانَ لِرَبِّهِ لَكَنُودٌ﴾ يەنى ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىگە قارىتا بەكمۇ تۇزكوردۇر﴾[1] دېگەن سۆزىنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دەيدۇ «تۇزكورلۇق شۇنداق بىر تەبىئەت بولۇپ، ئۇ زېمىنگە ئۈنگەن ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشاش بىراۋ ئۇنى تېرىماستىن ئۆزلىكىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسە، ئەمما شۈكۈر پەقەت ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىش بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىدىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئىنسان تەبىئىيتى يەنىلا شۇ ئەزەلدىنكى ئىنسان تەبىئىتى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈگە ئۆزگەرمەيدۇ!

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلسۇن، ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈپ ئۇنى رازى قىلسۇن دەپ ياراتتى. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ مەخلۇقاتقا چوقۇندى ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا باشقىسىغا رەھمەت ئېيتتى. چۈنكى تانغاقلىق، زۇلۇم سېلىش ۋە نېمەتلەرگە كۆز يۇمۇۋېلىش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدۇر. ناۋادا شۇ خىل كىشىلەرنى ئۇچراتقۇدەك بولسىڭىز، ئۇلارغا ئىبرەت قىلماڭ.

(1) ئادىيات سۈرىسى 6-ئايەت.

چۈقۈمكى، ئۇلار سىزنىڭ گۈزەللىكلىرىڭىزنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئېھسانىڭىزنى پۇچىلاپ، ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۇنتۇيدۇ. قىسقىسى، سىزگە دۈشمەنلىك بايرىقىنى تىكلەيدۇ ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىك مەنچانىقىنى سىزگە قارىتىپ ئاتىدۇ. بۇ باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىز ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈندۇر. ﴿وَمَا نَقَمُواْ إِلاَّ أَنْ أَغْنَاهُمُ اللَّهُ وَرَسُولُهُ مِن فَضْلِهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار پەيغەمبەرگە دۈشمەن بولدى﴾[1].



رىئال دۇنيا خاتىرىسىنىڭ پەسىللىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر قىسسە بار: ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىنى تۇغۇپ، كىچىسى كىرپىك قاقماي، كۈندۈزلىرى قولىدىن چۈشۈرمەي، يىمەي يىگۈزۈپ، كەيمەي كەيگۈزۈپ دىگەندەك نى - نى جاپالاردا چوڭ قىلسا، پەرزەنتلەر قانات - قۇيرۇقى يېتىلىپ، خۇددى توغۇلۇپلا بىر كۈن ئىچىدە چوڭ بولۇپ قالغاندەك ئاتا - ئانىسىنىڭ جاپالىرىنى كۆزى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي ئۇلارغا ھۆرپىيىدۇ. ھەتتا ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈن مۇش كۆتۈرۈپ قوپىدۇ. سىز مانا مۇشۇنداق ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى نابۇت قىلغان، ئەرزىمەس دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىگە ئەڭ قىممەتلىك ئىنسانىي خۇرۇچلىرىنى تىگىشىۋەتكەن تەبىئەتسىز كىشىلەرگە سۈكۈت بىلەن مۇئامىلە

(1) تەۋبە سۈرىسى 74 - ئايەت.



قىلىڭ. بىراق بۇ خىتاب سىزنى ئۆزىڭىزدىكى گۈزەللىكلەرنى چۆرۈۋېتىشكە ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلماسلىققا دەۋەت بولۇپ قالمىسۇن. بەلكى باشقىلارنىڭ سىزنى ھاقارەت قىلىشى ۋە چەتكە قېقىشىغا قارىتا سەۋرىڭىزگە سەۋر قېتىلسۇن.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەل قىلىڭ. شۇندىلا سىز ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز. سىزنى مەنسىتمىگەن ۋە سىزنىڭ گۈزەللىكلىرىڭىزنى ئىنكار قىلغان كىشىلەر بىلەن تەڭ بولماڭ. ئۇلار بىلەن دەتالاش قىلغاننىڭ ئورنىغا ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىڭ. چۈنكى سىز ئېھسان قىلغۇچىسىز. ۋاھالەنكى، بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشىدۇر. ﴿إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ اللَّهِ لا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَاءً وَلا شُكُورًا﴾ يەنى ﴿بىز سىلەرگە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تائام بېرىمىز، سىلەردىن مۇكاپات ۋە رەھمەت كۈتمەيمىز﴾[1].

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ناھايىتى ئەقىللىق بولسىمۇ، ئەمما بەزى بىر ساپاسىنىڭ تايىنى يوق، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان جەمئىيەت داشقاللىرىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇنداقلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە تىڭىرقاپ قالىدۇ. ئۇلار بۇنداق شەپقەتسىز، باغرىتاشلارنىڭ ئاسىيلىقى بىلەن نادانلىقىنى ئەيىپلەيدىغان مۇنۇ ئۇلۇغ ۋەھيىنى ئاڭلاپ

(1) ئىنسان سۈرىسى 9 - ئايەت.

باقسا بولىدۇ: ﴿وَإِذَا مَسَّ الإِنسَانَ الضُّرُّ دَعَانَا لِجَنبِهِ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَا إِلَى ضُرٍّ مَّسَّهُ كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە، ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، ئۇلار گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾[1].

ناۋادا سىز بىر نادانىنىڭ قولىغا قەلەم تۇتقۇزسىڭىز، ئېھتىمال ئۇ ئۇنى سىزنىڭ ھەجۋى رەسىمىڭىزنى سىزىشقا ئىشلىتىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بىرەر تومپايغا ھاسىڭىزنى بەرسىڭىز، ئۇ ھاسىغا تايىنىپ يول يۈرۈشى، قوپلىرىنى ھەيدىشى، ئاخىرىدا شۇ ھاسا بىلەن بېشىڭىزنى ئۇرۇپ يېرىۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئازاپلانماڭ. چۈنكى بۇ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا نىسبەتەن ئىنكار قىلىش كېپەنلىرى ئىچىدە مومىيالانغان كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئۇلار بۇ ھالدا بىزگە يەنە قانداق مۇئامىلە قىلماقچى ئىدى؟

ئالدىڭىزدا «جېنىم دوستۇم، سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ تۇرۇپ، بېشىڭىزغا كۈن كەلگەندە سىزنى ئەرزان پۇلغا سېتىۋېتىدىغان نامەردلەرگە قايغۇرماڭ.



[1] سۈرە يۇنۇس 12 - ئايەت.

سىزگە ساداقەت باغلىغان بولۇپ، سىرىڭىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى سىزگە قارشى قورال قىلىۋالغان دۈشمەنگە قايغۇرماڭ.

ئالدىڭىزدا خۇشامەتىڭىزنى قىلىپ، ئارقىڭىزدا سىزنى سۆكىدىغان ئالا كۆڭۈل دوست ئۈچۈن قايغۇرماڭ.

سىزدىن ياخشىلىق كۆرۈپ تۇرۇپ يامانلىق قىلىدىغان تۇزكورلار ئۈچۈن قايغۇرماڭ.

سىزنى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن سىزنى سېتىۋېتىدىغان ساتقۇنلارنىڭ بارلىقىدىن قايغۇرماڭ.

يوقسۇللۇقتىن قۇرۇق نان يەپ كۈننى كەچ قىلىدىغانلارنىڭ سېمىزلىكتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان قوشنىلىرىنىڭ بارلىقىغا قايغۇرماڭ.

ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئىنسانلارنىڭ بارلىقىغا قايغۇرماڭ.»

# تەبەسسۇم قىلىشقا بېخىللىق قىلماڭ




نورمال كۈلكە غەمكىنلىكنى يوق قىلىش، كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ۋە روھنى كۆتۈرۈشتە سېھرىلىك كۈچكە ئىگىدۇر. ئىنسانلىقنىڭ ئىپتىخارى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم بىلەن قەلبلەرگە كىرىش مۆجىزىسىنى ئىنسانىيەتكە ئۆگەتكەن. ئۇ كىشىلەرنى تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىپ: «قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭ سەدىقىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. تەبەسسۇمنىڭ مۆجىزىلىك سېھرى كۈچى شۇ قەدەر ئۇچۇق تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر ئۇلاردىن ھېچقانداق بەدەل تەلەپ

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلمايدىغان مۇشۇ بىر لەھزىلىك تەبەسسۇمغا بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە ئەتراپىدىكىلىرىگە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ شۇ بىر لەھزىلىك تەبەسسۇمغا بولغان بېخىللىقىدىن ئۇلارنىڭ چىشلىرىنى ئايلاپ، يىللاپ بىرەر قېتىم كۆرەلمەيسىز. ھەتتا ئۇلارنىڭ چىشلىرى ئەۋرەتمىكىن ياكى چىشى چىقمىغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىسىز. مۇنداقلار ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ئېسىل ھەدىيەلىرىدىن مەھرۇم قالغان ۋە تەبەسسۇمدىكى مۆجىزىنى تونۇمىغانلاردۇر.

توغرا، گاھىدا ئىنسانىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ياكى غەم - قايغۇ سەۋەبلىك بىر قانچە سائەت غەمكىنلىك بولۇشى نورمال. ئەمما ھەمىشە، كۈنلەرچە، ئايلارچە، ھەتتا يىللارچە چىرايى سوغۇق، قاپىقى تۈرۈلگەن، ئىچىنى دەرتلەر بىلەن تولدۇرغان ھالدا يۈرۈش بەختسىزلىكتۇر.

## تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى

دالى كارنېگ «دوستلارنى قانداق تاللايسىز ۋە كىشىلەردە قانداق تەسىر قالدۇرالايسىز» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چىرايىنىڭ ئىپادىسى ئىگىسىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. ئوچۇق چىراي بولۇش، تەبىئىي تەبەسسۇم قىلىش دوستلارنى قازىنىش ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىق كۆۋرۈكىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارىدۇر. بۇ قارشى تەرەپكە ماددىي شەيئىلەردىن كۆپلەپ بەرگەندىن ياخشى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشتۇر. چىن كۆڭۈلدىن كەلگەن تەبىئىي تەبەسسۇم سۆيگۈنىڭ رەمزىسى ۋە راستچىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.»

دالى كارنېگ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ھەربىرىنىڭ مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ يۈزىگە ھەر كۈنى تەبەسسۇم قىلىشىنى تاپشۇردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سودىگەرلەردىن بولغان بىر ئوقۇغۇچۇم كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى‹مەن تەبەسسۇم قىلىشىم ئۈچۈن ئايالىمنى تاللىغان ئىدىم. ئۇ مەندىن بىرەر قېتىممۇ تەبەسسۇمنى كۆرمىگەن ئىدى. نەتىجىدە، مەن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھېس قىلمىغان




سائادەتنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۈچرىغانلا ئادەمگە تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدۇم. نەتىجىدە، كىشىلەر مەن بىلەن كۆپ ئارىلىشىدىغان، بىرەر ئېھتىياجىم بولسا دەرھال كېلىدىغان بولدى. مەن بۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ نەقەدەر ئىللىق ئىكەنلىكىنى سەزدىم. تەبەسسۇمدىن ئالغان پايدىلىرىمنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن›. ئەگەر بىلسىڭىز تەبەسسۇم دېگەن سىزدىن بىر تىيىن تەلەپ قىلمايدىغان، ئازراقمۇ جاپاغا قويمايدىغان، ناھايىتى ئاسان ۋە ئەرزان بىر نەرسە. ئەمما ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى كۆپ، ئىجابىي نەتىجىسى بەك كاتتىدۇر. تەبەسسۇم قىلىش سىزدىن بىر لەھزىدىن ئارتۇق ۋاقىت تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى يىللارچە، ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆڭۈللەردە قالىدۇ. دۇنيادا تەبەسسۇم قىلىشقا چامى يەتمەيدىغان پېقىر يوق، ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالايدىغان باي يوقتۇر.

### تۇرمۇشىمىزدا تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ سەدىقىنى قانچىلىك

كۆپ قىلغانسېرى بىز نامرات بولۇپ قالمايمىز. ئەكسىچە، سائادەتكە تولىمىز ۋە باشقىلارنىمۇ بۇ سائادەتتىن بەھرىمەن قىلىمىز. ئەمما مۇشۇ ئاددىي سەدىقىنى دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە قىيىنچىلىقلارغا تولغان بۇ دۇنياغا چىقىرىشتىن بېخىللىق قىلغان ۋاقتىمىزدا بىز دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك كۆپ ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىمىز.»

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دۇنيادا شۇنداق سوغۇق چىراي، قاپىقى ئېچىلمايدىغان ئىنسانلار باركى، ئۇلارنىڭ چىشىنى يىل بويى كۆرەلمەيسىز، ھەتتا ئۇلارنى چىشى چىقمىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىسىز. مۇنداق ئىنسانلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن، دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدىن ئۆزلىرىنى مەھرۇم قىلغۇچىلاردۇر. ئەمما تەبەسسۇم قىلغۇچىلار ھەمىشە خۇشاللىق ۋە نېمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

## تەبەسسۇمنىڭ پايدىسى بىلگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرى

مىسىردىكى «ئەل ئەھرام» گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەشھۇر يازغۇچى ئەھمەد ئەمىن «شېرىن ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ھاياتقا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ سائادىتى ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ ، بەلكى ئۇلار ئىشلەشكە ئەڭ قادىر، مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئەڭ كۈچلۈك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە ئەڭ يارامىلىق ۋە ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىلىق بولغان كاتتا ئىشلارنى بىجىرىشتە ماھىر كېلىدۇ. مەن كۆپ مال

- دۇنيا ياكى چوڭ مەنسەپ بىلەن ئازغا شۈكۈر قىلىدىغان قانائەتلىك نەپس ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئىككىنچىسىنى تاللىغان بولاتتىم. چۈنكى شادلىقتىن ئەسەر بولمىغان مۇز چىراي بىلەن تۇرۇپ كۆپ مال - دۇنياغا ئېرىشكەننىڭ ياكى كاتتا مەنسەپكە چىققاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ خۇددى جىنازا نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تۈتۈق يۈرگەن كىشىگە بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆيىنى دوزاخقا ئايلاندۇرىۋالغان ساھىبجامالنىڭ ئەگەر ئېرىنىڭ قەلبىنى ئاچالمىسا نېمىگە ئەھمىيىتى بولسۇن. ساھىبجاماللىق دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ئۆيىنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان چىرايى نورمال ئايال ساھىبجامالدىن مىڭ ئەلادۇر!»

دوكتور ئائىز قەرنىي «غەم قىلماڭ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەبەسسۇم قەلب قېتىدىن كەلمىگۈچە تاشقى جەھەتتىكى تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى يوقتۇر. گۈل - گىيالار كۈلۈمسىرەيدۇ، باغۇ - بوستانلار كۈلۈمسىرەيدۇ، دېڭىز - دەريالار كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلار كۈلۈمسىرەيدۇ، قۇشلار كۈلۈمسىرەيدۇ. دۇنيادا ھەممە نەرسە كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئىنسانمۇ ئەسلى تەبىئىتىدە كۈلۈمسىرەيدىغان مەۋجۇدات بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدا پەيدا بولىدىغان شەخسىيەتچىلىك، يامانلىق ۋە تويماسلىق ئۇنى مۇز چىراي قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئادەملەر نە ئۆزىدىكى، نە تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. ھەركىم دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئەمەلى، ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش

تەرزى ۋە ئۇنىڭ تۇرتكىسى بويىچە كۆرىدۇ. ئەگەر قىلغان ئىش ياخشى، پىكىر ساغلام ۋە ئۇنىڭغا تۇرتكە بولغان نەرسە توغرا بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ دۇنيانى كۆرىدىغان كۆزنىكى پاكىز بولسا دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى يارىتىلغىنى بويىچە ئەڭ گۈزەل ۋە تولىمۇ سۈزۈك شەكىلدە كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆرۈش كۆزنىكى كىر، ياكى قارا بولسا، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى قاپقارا كۆرىدۇ. دۇنيادا كۆپىنچە كىشىلەر كۆزلىرىنى ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكلىرىگە ئاچماستىن، پەقەت مال ـ دۇنياغىلا ئاچىدۇ. ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن گۈزەل باغچىلاردىن، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن، سۇلار ئېقىۋاتقان، قۇشلار سايراۋاتقان جايلاردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىيالى ۋە تەپەككۇرىنى مال ـ دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكى ئۆزىگە بەند قىلىۋالغان.»

ھەر نەرسىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن قارايدىغانلار قىيىنچىلىقلارغىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە ھەر قانچە زور قىيىنچىلىقنىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يېڭىدۇ. ئەمما ھەر نەرسىگە قاپىقىنى تۈرۈپ باقىدىغانلار ئۈچۈن ھەممە ئىش قىيىن ۋە تەس تۇيۇلىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە چوڭ كۆرۈنىدۇ. مۇنداقلار بەدەل تۆلىمەستىن مەقسەتكە يېتىشنى ئارمان قىلىدىغانلاردۇر.

ھاياتلىقتىكى قىيىنچىلىقلار نىسپىي ئىشلاردۇر. ھىممەتسىز، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزىدە ھەممە ئىش قىيىندۇر. ئەمما ھىممەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئالەمدە قىيىن ئىش يوقتۇر. ھىممەتلىك

كىشىلەر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئارقىلىق ھىممەت ئۈستىگە ھىممەت قوشىدۇ. قىيىنچىلىقلار لالما ئىتقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسىڭىز سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن قوغلايدۇ ۋە جېنىڭىزنى بېرىچە قاۋايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن يولىڭىزغا داۋام قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە يولنى بوشىتىپ بېرىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقان ھالدا ئۆزىنى بىر دالدىغا ئالىدۇ.»

تەبەسسۇمنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قوپاللىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كىشىلەرگە خۇش چىراي ئېچىش ۋە تەبەسسۇم قىلىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. تەبەسسۇم كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ۋە روھنى كۆتۈرۈشتەك سېھىرلىك مۆجىزىدۇر. ئەرەبلەردە «سەن ھاياتقا كۈلسەڭ، ھايات ساڭا كۈلىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار.

مىسىرلىق پسىخولوگىيە دوكتورى ئەھمەد ئابدۇلجەۋۋاد «قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى قازانغىلى بولىدۇ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن ئوچۇق چىراي ئېچىش سىزدىن ھېچقانداق بىر چىقىم تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما سىز بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئىللىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ پەزىلەتكە قاتتىق تەشەببۇس قىلغان. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان: «ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى ئاددىي سانىما، بىراۋنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭمۇ ياخشىلىقتۇر» ، «بۇرادىرىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ئۆزىدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»، «كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن سالام بېرىشتە سەدىقىنىڭ

ساۋابى بار». باشقىلارغا ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر تەكلىپنى سۇنغان ۋاقىتتىمۇ ئۇلارغا بۇ تەكلىپنى خۇش چىراي ئاچقان ۋە تەبەسسۇم قىلغان هالدا سۇنۇش ئەلۋەتتە ياخشى نەتىجە قازاندۇرىدۇ.»

مىسىرلىق يازغۇچى دوكتور رەسمى ئابدۇلمەلىك «باشقىلار بىلەن قانداق ئۆتىسىز؟» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:




«سىز باشقىلارغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىش ئۈچۈن يۈزىڭىزدىن ئاران 13 مۇسكۇلنى ئىشلىتىسىز، ئەمما قاپىقىڭىزنى تۈرگەن ۋاقتىڭىزدا 74 مۇسكۇلنى ئىشلىتىسىز. تەبەسسۇم قىلىش قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ، قاننىڭ بەدەننىڭ هەممە جايلىرىغا يېتىپ بېرىشىنى تەمىن ئېتىدۇ، كۆپ مىقداردىكى ئوكسىگىننى ئىچكى قىسىمغا ئەۋەتىش ئارقىلىق بەدەندىكى زىيانلىق ماينى يوق قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. مۇندىن باشقا تەبەسسۇم قىلىش ئادەمنىڭ چىرايىدىن قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى يىراق قىلىدۇ. شۇنداق پايدىلىق بىر تەبەسسۇمغا نېمانچە بېخىللىق قىلىسىز؟ ياكى ئۇ سىزدىن چىقىم تەلەپ قىلامتى؟»

ئوتتۇز تۆتىنچى رېتسېپ

# ۋاقتىڭىزنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ




ۋاقىت ـ ھايات، ۋاقىت ـ پۇل، ۋاقىت ـ ئىلىم، ۋاقىت ـ سالامەتلىك، ۋاقىت ـ پەن ـ تېخنىكا، ۋاقىت ـ قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭ ئۇچۇن كېسىپ ئېيتىشقا

بولىدۇكى، ئىنسانىنىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر بىر ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.



ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىك كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، ئۇ سېنى كېسىدۇ» دېگەن ھېكمەت بىكار ئېيتىلغان ئەمەس.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىكارچىلىقتىن تۇرلۇك رەزىللىكلەر تۇغۇلىدۇ. بىكارلىق ئىچىدە يوقۇلۇش ۋە تۈگىشىشنىڭ مىكروبلىرى ياتىدۇ. ئىشلەش تىرىكلەرنىڭ شۇئارى بولسا، بىكار تەلەپلەر ئۆلۈكلەردۇر. بۇ دۇنيا ھاياتى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولغان يەردە، ئىشلىمەستىن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغان بىكار تەلەپلەر قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق ھوسۇلسىز، قولى بوش ۋە نادامەت چەككەن ھالدا ھەشىر قىلىنىشقا تولىمۇ تېگىشلىك بولغۇچىلاردۇر.

شۇنداق، قانچىلىغان تېنى ساق، ۋاقت جەھەتتىنمۇ يېتەرلىك شارائىتى بار كىشىلەر ئىشسىز، غايىسىز ۋە بىرەر مەقسەتسىز ھالدا بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە. ئىنسان شۇنداق قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ؟ ياق! ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لا تُرْجَعُونَ. فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرچە، بىز سىلەرنى بىكارغا ياراتقانمۇ؟ ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەقىقىي پادىشاھ ـ ئاللاھ ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر﴾[1].



ئەگەر ئىنسان نەپسى ھەۋەسىنىڭ تار كوچىلىرىدا ئۆزىنى مەھبۇس قىلىۋېلىپ، ھەممە نەرسىدىن پىنھان ياشايدىكەن، ئۇ بۇگۈنى ھەم كېلىچىكى ئۈچۈن ئەڭ يامان يولنى تاللىۋالغان بولىدۇ.»

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر سەن كۆڭلۈڭنى ھەقىقەت ئۈچۈن مەشغۇل قىلمىساڭ، ئۇ سېنى باتىل بىلەن مەشغۇل قىلىدۇ». بۇ ئىنتايىن توغرا سۆز. چۈنكى كۆڭۈل

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى 115 ـ 116 - ئايەتلەر.

مەشغۇلىيەتسىز تۇرمايدۇ. ئەگەر سىز كۆڭۈلنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ، سىستېمىلىك ئىشلەشنىڭ پىلانلىرى بىلەن تىز ھەرىكەتكە سېلىپ تۇرمىسىڭىز يامان ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇنى بىكار تەلەپلىك بىلەن بىمەنىلىكنىڭ ئازگاللىرىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

ئىنسان ھاياتىنى قىڭغىرلىقلاردىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل يولى، ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشى، ۋاقتىنى شۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا ئازدۇرۇش، ۋەسۋەسە قىلىش پۇرسىتىنى بەرمەسلىكىدۇر.

ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدىمۇ بۇ ھەقىقەت كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈلنى باتىل بىلەن مەشغۇل قىلىشقا قەتئىي بوشلۇق بېرىلمىگەن. چۈنكى ھەقىقەت بىلەن تولمىغان كۆڭۈل بوشلۇقنى باتىل بىلەن تولدۇرىدۇ.

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىكار تەلەپ كىشى مەۋقەسىز كېلىدۇ، نەگىلا بارسا پىتنە تېرىيدۇ. چۈنكى، ئۇنداق كىشىنىڭ زېھنى چېچىلاڭغۇ كېلىدۇ. بىكار قالغان ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ قەلبى ناھايىتى خەتەرلىك ھالدا بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ گويا شوپۇرى ئۇخلاپ قالغان ماشىنىدەك ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان سوقۇلۇپ، ئاخىرى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن.



بىكار قالغان كۈنىڭىزدە غەم ـ ئەندىشە ۋە تەشۋىشكە تەييارلىق كۆرۈڭ. چۈنكى بىكارچىلىق سىز ئۈچۈن ھاياتلىق سەرمايىڭىزدىن ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىڭىزنىڭ ئارخىپلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ سىزنى ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار قىلىدۇ.

مېنىڭ سىزگە ۋە ئۆزۈمگە نەسىھىتىم شۇكى، كىچىك بولسىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىڭ، ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتسىز بىكارچىلىقتىن ئىبارەت كۆرۈنمەس قاتىل تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈلمەڭ.

بىكار تەلەپلىك خۇددى بەزى دۆلەتلەردە ئىجرا قىلىنىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك قىيناش جازاسىغا ئوخشايدۇكى، جىنايەتچى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئاستىغا باغلىنىدۇ، سۇ ئۇنىڭ چوققىسىغا بىر تامچىدىن تېمىپ تۇرىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، تامچىغان سۇ جىنايەتچىنى ساراڭ قىلىش قىلىپ قويىدۇ.

راھەت ـ غەپلەتتۇر، بىكارچىلىق ـ ئوغرىدۇر. ئەقىل شۇ ئوغرىنىڭ ۋەھىملىك ئۇرۇنىشىدا ئۇنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ـ دە، ناماز ئوقۇڭ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىڭ، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭ، ياكى ئىلىم مۇتالىئە قىلىڭ، يېزىقچىلىق قىلىڭ، ئىشخانىڭىزنى رەتلەڭ، ئۆيىڭىزنى تازىلاڭ ۋەياكى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈڭ، ئىش قىلىپ، بىكارچىلىقنى تۈگىتىڭ، بىكارچىلىقنى خىزمەت تىغى بىلەن بوغۇزلىۋېتىڭ.»

دالى كارنېگ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان پەيتلەردە ھېچقانداق غەم ـ قايغۇنى ھېس قىلمايمىز، لېكىن مەشغۇلىيەتتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلار ھەقىقەتەن خەتەرلىك ۋاقىتلاردۇر. بىز ئۈچۈن بوش ۋاقىت ھازىرلانغان ھامان غەم ـ ئەندىشە ۋە قايغۇنىڭ شەيتانلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ.



بۇ ۋاقىتتا شەيتان بىزنى ھەرخىل بولمىغۇر خىياللارغا ۋە يامان ئوي ـ پىكىرلەرگە سالىدۇ. چۈنكى بىز ئىشتىن بوشىغاندىن كېيىن، زېھنىمىز ھەر نەرسىدىن خالىي بولغانغا ئوخشاش بىر ھالەتكە كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت دەرسلىكلىرىدە ياخشى بىلىدۇكى، تەبىئەت بوشلۇقنىڭ دۈشمىنى. ئۇ بوشلۇقنى زادىلا خالىمايدۇ. بۇ سۆزۈمگە مىسال بېرىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا، لامپۇچكىدىن كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىپ كۆرۈڭكى، شۇ ۋاقىتتا تەبىئەتنىڭ لامپۇچكا ئىچىدىكى بوشلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى ھاۋا بىلەن تولدۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. خۇددى شۇنىڭدەك، تەبىئەت خالىي كۆڭۈلنى كۆپىنچە ھېسسىياتلار ۋە تۇيغۇلار بىلەن تولدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى قايغۇ، ئەندىشە، ئۆچلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە كۈنلەش تۇيغۇلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىن بېرى ئۇنىڭ خاراكتېرىدا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن نەرسىدۇر. بۇ تۇيغۇلار شۇنچىلىك كۈچلۈك ئېتىلىپ چىقىدۇكى، ئۇنىڭ كۈچى




كۆڭلىمىزدىن ئامانلىقنى، ئەقلىمىزدىن مۇقىملىقنى چىقىرىپ تاشلىيالايدۇ.»

غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇش ئۇچۇنمۇ بىرەر ئىش بىلەن ياكى بىرەر ئوي ـ پىكىر بىلەن مەشغۇل بولۇش كېرەك. دالى كارنىگى ئۆزىگە سوئال قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشتەك ئاددىيغىنە بىر ئىشنىڭ كۆڭلىمىزدىن غەم ـ ئەندىشىنى چىقىرىپ تاشلىشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى پسىخولوگىيە ئىلمى كەشىپ قىلغان ئاساسلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان زېھنى قانچىلىك پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر بولۇپ كەتسۇن، بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ ئىش بىلەن مەشغۇل بولالمايدۇ». بۇ ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان سۆزدۇر. بۇ سۆز ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿مَّا جَعَلَ ٱللَّهُ لِرَجُلٍ مِّن قَلْبَيْنِ فِى جَوْفِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقان ئەمەس﴾[1] دېگەن سۆزىگە يېقىنلىشىدۇ. سىز بىر ئاندا ئىككى نەرسىنى خىيال قىلالمىغىنىڭىزدەك، بىر بىرىگە زىت ئىككى تۇيغۇنى بىر ئاندا ھېس قىلالمايسىز. بىز تەسىرلىك بىر ئىش بىلەن كۆڭۈلنى مەشغۇل قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزنىڭ ئۆزىدە غەم ـ ئەندىشىنىمۇ بىرگە ھېس قىلىشتىن ئاجىزمىز. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككى زىت تۇيغۇنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تۇيغۇمىزدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

(1) ئەھزاب سۈرىسى 4- ئايەت.

مانا بۇ ھەربىي سەپتە بولغان تەجرىبىلىك پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچلىرى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۆز تەۋەلىرىگە خىتاب قىلىپ، «ئۇلارنى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىڭلار» دېيىشىگە تۈرتكە بولغان ئاددىي بىر قانۇنىيەتتۇر.

### ئۈلگۈرەلمەسلىك ۋە ۋاقتىدا قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبى

قانداقلا بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلالماسلىق، بىرەر ۋەزىپىنى ئۆزۋاقتىدا ئورۇندىيالماسلىق ۋە قانداقلا بىر ئىشقا ياكى بىر يەرگە ئۆلگۈرەلمەسلىكنىڭ بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ، «تېخى ۋاقىت بارغۇ» دەپ ئۆزىڭىزنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. ھەممە ئىشنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتا قىلىمەن دەيدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدىغان ئەخمەقلەردۇر. مۇنداقلارنىڭ قىلغان ئىشى غەلىبىلىك بولمايدۇ.

ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشقا «ۋاقتىم بار» مۇئامىلىسىنى قىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە قىلىدىغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، بارىدىغان يېرىگە كېچىكىپ بارىدۇ. بۇ ئارىدا كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، ئىشنى ئالدىرا تېنەپ چالا - پۇچۇق قىلىدۇ. ئەمما ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بارىدىغان يېرىگە ۋاقتىدا بارىدۇ، ئىزتىراپ چەكمەيدۇ، كېچىكىپ قېلىپ ئاقسىزادە بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

## نەتىجە قازانغانلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ

ھاياتىدا چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدىكەن، بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىكەن.



ئەمما ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان ئىنسانلار ھەممە ئىشنى «تېخى ۋاقتىم بارغۇ» دەپ ئارقىغا سۈرۈش ئارقىلىق ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ، ھېچبىر نەتىجە قازىنالمايدۇ.

تىرىشچان ئادەملەر ئۆچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ ۋە كۈندۈزنى كىچىكە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئۆچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر.

## ۋاقىت ئوغرىسى پۇل - ئوغرىسىدىن ياماندۇر

ئەپسۇسكى، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىنى ئوغرىلىغان ئادەمنى كىشىلەر ئوغرى دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالارنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قىلمىشى مال ئوغرىسىنىڭ قىلمىشىدىن ئەلۋەتتە ئېغىردۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلىق ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى ئوغرىلىغاندىن ياماندۇر.



سائەت مانچىگە دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ۋەدىلەشكە جايىغا ۋاقتىدا بارماسلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىق ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر.

**مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ۋاقتى ئىبادەتتۇر**

كېرەك بولغىنى ۋاقتىنى سەرپ قىلىش ئەمەس، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتۇر. ۋاقتىنى مەنىسىز سەرپ قىلغان ئادەم ئۇنى زايە قىلغان بولىدۇ، ئەمما ۋاقىتتىن پايدىلانغان ئادەم نەتىجە قازىنىدۇ. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ۋاقىت ـ ئىبادەتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش (يەنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش) ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇتتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالإِنسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ، خۇسۇسەن، غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە «ۋاقىت ـ پۇلدۇر» دېگەن پەلسەپە ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ پەلسەپىنى ھەسەن بەسرىنىڭ «مەن ھاياتىمدا ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن قىممەتلىك بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ۋاقىتنىڭ مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى ئالتۇن، كۈمۈش زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر زايە بولۇپ كەتسە،

(1) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ.



بىر باغلام پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئادەمنى كىشىلەر ساراڭ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن، ئويۇن - تاماشا بىلەن زايە قىلىۋەتكەن ئادەم ھەقىقىي ساراڭدۇر. چۈنكى ۋاقىت پۇلدىن قىممەتلىكتۇر. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىپ قېلىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ رېئاللىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## غەپلەتتىكى ئۆمۈر ئەڭ زۇلمەتلىك ھاياتتۇر

ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر غەپلەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ - كەتكەنلىكىدىن تىلغا ئالغۇدەك، پەخىرلەنگۇدەك ۋە ئەسلەپ تۇرغۇدەك بىرەر ئىزى ياكى بىرەر خاتىرە قالمايدۇ. ئۇلار گويا دۇنياغا كەلمىگەندەكلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ. غەپلەت ئىنتايىن يامان

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئىللەت بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دە غەپلەتتە قالغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن.

يەنە بەزى كىشىلەر ئۆمرىنىڭ كۆپرەك ۋاقتىنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدە غەپلەتتىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىغا، مۇسۇلمانلىقىغا لايىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى غەپلەتتىكى ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر بېلىقچى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە دېڭىز بويىغا چىقىپ، كۈنلۈك ئىشىنى قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن باشلايدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەنرەك چىقىپ قاپتۇ، ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىكەن. بېلىقچى دېڭىز بويىدا كېتىپ بارغىنىدا، ئۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. يەرگە ئېگىلىپ پۇتىغا پۇتلاشقان نەرسىنى ئالسا، ئۇ بىر خالتا ئۇششاق تاش ئىكەن. بېلىقچى قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش جەريانىدا، ھېلىقى خالتىدىكى ئۇششاق تاشلارنى بىر تالدىن دېڭىزغا ئېتىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. بېلىقچى ھەربىر تاشنى دېڭىزغا ئاتقىنىدا، ئۇنىڭدىن چىققان «چولۇق، چولۇق» ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىرقى تاشنى ئاتماقچى بولغان ۋاقتىدا قۇياش چىقىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلاپتۇ، بېلىقچى قولىدىكى ئاتماقچى بولغان ئاخىرقى تاشقا قارىسا، ئۇ يالتىراپ تۇرارمىش. بېلىقچى توختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنچىلەپ قارىسا، ئۇ ئالماس ئىكەن. ئۇ سەھەردىن بېرى قاراڭغۇلۇقتا دېڭىزغا ئاتقان تاشلارنىڭ ھەممىسى تاش ئەمەس، ئالماس ئىكەن. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ غەپلەتتە

ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ ۋە قولىدا ساقلىنىپ قالغان شۇ بىر تال ئالماستىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى بۇ بېلىقچى ئۆتكەنگە ھەسرەت چەككەننىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى، قولىدا بار پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئەڭ ھېكمەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چەكسەك ئۆزىمىزگە زىيان سالىمىز. شۇڭا قېپقالغان ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشساقلا شۇ بىزگە يېتەرلىكتۇر.

ئوتتۇز ئالتىنچى رېتسىپ

# كىتاب سىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇلپىتىڭىزگە ئايلانسۇن



كىتاب ئوقۇش روھنىڭ غىزاسى، ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى، مەرىپەتنىڭ كېپىلىدۇر. ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ شەرىپى ئۇچۇن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغانلىقى يېتەرلىكتۇر.

دانالار دەيدۇكى، كىتاب ـ مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچى، تەرەققىيات كۆۋرۈكى، قاراڭغۇ دىلنى يورۇتقۇچى مەشئەل. كىتاب ـ بىلىم خەزىنىسى، تۈگىمەس بايلىق، مەنىۋى كۈچ، روھىي ئوزۇق ۋە قاناتتۇر. سەرخىل كىتاب ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى نۇرلاندۇرىدۇ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ، ئادىمىيلىك ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

كىتاب ئوقۇش ـ بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمنى تولۇقلاش،



ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر. ئادەم كىتاب ئوقۇپ دۇنيانى، تەبىئەت سىرلىرىنى، قايناق ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى، پىكىر قىلىش يولىنى، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ پەرقىنى ئايرىيدۇ.

كىتاب ئوقۇپ پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىپ، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئاساسىنى تۇرغۇزالايدۇ. كىتاب ئوقۇپ بىلىمنى مۇستەھكەملىگەن ۋە كۈچەيتكەنلەر ھايات يولىدا كۈندىن ـ كۈنگە كۆكلىيەلەيدۇ. بۈگۈنكى مەدەنىيەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. كىتاب كىشى قەلبىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ، ياشاش ئىرادىمىز كۈچىيىدۇ. چۈشكۈنلەشكەندە، ئىچىمىز پۇشقاندا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇساق قەلبىمىز ئۈمىد، ئىشەنچكە تولىدۇ، غەيرىتىمىز ئاشىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دائىم كىتاب ئوقۇپ تۇرىدىغانلار بىلەن كىتاب ئوقۇمايدىغانلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن مەنىۋى ساپا پەرقى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇغانلارنىڭ ئەقىل بۇلىقى ئېچىلىدۇ. كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ تەپەككۇرى قاتمال، پىكرى تېيىز، چېچىلاڭغۇ، تۇراقسىز بولىدۇ. ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بايقىيالمايدۇ. كىتاب ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىق ئادەمنىڭ پىسخىك

قۇرۇلمىسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى ئادەمدە ئىلغار پىسخىك ئامىللار كۆپ بولىدۇ. كىتاب ئوقۇمايدىغانلار كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان مىللەتنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسىدا ناچار ئامىللار ـ نادانلىق، قالاقلىق، خۇراپاتلىق، بىكىنمىچىلىك، قاششاقلىق، دورامچىلىق، شۆھرەتپەرەسلىك ئېغىر بولىدۇ

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل ئوقۇشتىن توختاپ قالغىنىدا، ئۇنىڭ ئۆسۈشىمۇ توختايدۇ. قانچىلىك كۆپ ئوقۇسىڭىز ئەقلىڭىز شۇنچىلىك ئاشىدۇ. دۇنيادا شۇنداق ئىنسانلار باركى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى، يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئەقلى بىر خىل تۇرىدۇ، ئاشمايدۇ، ئۆسمەيدۇ. ئۇلار بىر قانچە يىلدىن كېيىنمۇ شۇ پېتى تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئوقۇشتىن توختاش بىلەن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە چۈشىنىش قاناللىرى تاقىلىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالغان. مۇنداقلاردىن بىرى قىرىق يىلدىن بېرى بىلىدىغان بىرەر كۇپلېت شېئىر ياكى بىرەر ھېكمەتلىك سۆزنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ



شۇنىڭدىن باشقا دەسمايىسى يوق. ئوقۇش ـ مەرىپەتتۇر. مەرىپەت ھاياتلىقنى يورۇتۇپ بېرىدىغان چىراقتۇر.»

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەلمان ئەۋدە: «كىتاب ئوقۇش باشقىلارنىڭ ئەقلىدە ئىلىپ بېرىلغان ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە جاپاسىز بىر ساياھەتتۇر» دەيدۇ.

مىسىرلىق مەشھۇر شائىر ئەھمەد شەۋقىي بىر بېيىتىدە مۇنداق دىگەن:

أنا من بدل بالكتب الصحابا

لم أجد لي وافيا إلا كتابا

تەرجىمىسى:

كىتاپقا تېگىشكەن ئادەممەن دوستلارنى،

كۆرمىدىممەن كىتابتىن ئۆزگە ۋاپادارنى.

كىتاب ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ئامبىرى. كىتاب ئارقىلىق ئادەمنى، دۇنيانى، ئۆزنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ، بىر ئادەمنىڭ كىتابقا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىۋاستە ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانچىلىك كىتابقا ئېرىشكەنلىكى، قانداق سۈپەتتىكى كىتابقا ئېرىشكەنلىكى، كىتابقا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى، كىتابتىن قانداق ئوزۇقلانغانلىقى، كىتابنى قانداق نوقتىئىنەزەر بىلەن ئوقۇغانلىقىمۇ ھەم شۇنداق.

كىتاب ـ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تارىخنىڭ ئەڭ ئىخچام ئامبىرى. شۇنداقلا ئۇ ناھايىتى ئەرزان، شۇنداقلا قولاي، كىچىك بىر مەكتەپ.

## كىتاب ئوقۇش ھەققىدە پەيلاسوپلارنىڭ ئېيتقانلىرى



فرانسىيىلىك پەيلاسوپ فرانسىس بېكون (1561 ـ 1626 Francis Bacon) مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «كىتاب كىشىگە خۇشاللىق، ساپا ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇشنىڭ لەززىتىنى يالغۇز قالغاندا، كىتاب ئوقۇش داۋامىدا يېتىلگەن ساپانى پاراڭ قىلغاندا، كىتاب ئوقۇشتىن كېلىدىغان ئىقتىدارنى بىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەڭ ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەجرىبىلىك كىشىلەر بەزى ئىشلارنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغا توغرا ھۆكۈم قىلالىشى ياكى بىر ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىشى مۇمكىن. ئەمما ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئومۇمىي جەھەتتىن قوماندانلىق قىلىش سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئادەمنى بىلىملىك قىلىدۇ، مۇنازىرە ئادەمنى چېچەن قىلسا، يېزىقچىلىق ئادەمگە ئەستايىدىللىقنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يېزىقچىلىقنى ياقتۇرمىسا، ئۇ ناھايىتى كۈچەپ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم كەمدىن ـ كەم مۇنازىرىگە قاتناشسا، ئۇ پىكىر تۇرغۇنلىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم كىتابنى ئاز ئوقۇسا، ھىيلىگەر بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ـ دە، بىلمىگەن نەرسىنى بىلمەن دەپ تۇرىۋالىدۇ. تارىخ ئادەمنى

چىچەن قىلسا، شېئىر ئادەمنى تەسەۋۋۇرغا باي قىلىدۇ. ماتېماتىكا ئادەمنى توغرىلىققا يېتەكلىسە، پەلسەپە ئادەمنى چوڭقۇر پىكىرگە ئۈندەيدۇ، ئېتىكا ئادەمنى دۇرۇس بولۇشقا ئۈندىسە، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا ئادەمنى سۆزمەن قىلىدۇ. قىسقىسى، كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ خاسلىقىنى تاۋلايدۇ ۋە ئۇنىڭ پىسخىكىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئوڭشايدۇ.»

## بەزى كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش



دىنىي ۋە ئىلمىي كىتابلارنى چوقۇم قايتا ـ قايتا ئەستايىدىل ئوقۇش زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ خىل كىتابلارنى بىر ـ ئىككى قېتىم ئوقۇپ قويۇش بىلەن كۆزلىگەن پايدىنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق كىتابلاردا شەرىئەت ئەھكاملىرى ياكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ئوقۇپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە مېڭىمىزگە سىڭدۈرۈشكە مۇھتاجمىز. بۇ ئانا ۋەتىنىمىزدە بەزى مەدرىسىلەردە مۇھىم كىتابلارنى تالىبلارغا يادقا ئالدۇرۇپ ئوقۇتۇشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

## چۈشىنىپ ئوقۇش

دۇنيادا مەنىسىنى چۈشەنمەي ئوقۇسمۇ پايدىسى بولىدىغان



بىرلا كىتاب بار. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم» دۇر. قۇرئان كەرىم مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇپ، ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتاب. ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن ئوقۇسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ. بىراق مەنىسىنى چۈشەنمەي ئوقۇش بىلەن ئۇنى ئوقۇشتىن بولغان مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا قانداق ئۇلۇغ كىتاب بولۇپ كەتسۇن، ئوقۇغانغا ساۋاب يوق، پەقەت ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىلىدۇ. «تەۋرات» ، «ئىنجىل» لارنى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ ئوقۇغانغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنمىغان، پەقەت ئەمەل قىلغانغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان.

كىتابنى چۈشىنىپ ئوقۇمىغاندا، ئۇنى ئوقۇغاندىن نەپ ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى بىرەر فىلىمنى كۆڭۈل بۆلمەي ئولتۇرۇپ كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگىنىگە ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر.

## كىتابنى تاللاپ ئوقۇش

بىز ئۈچۈر دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. ئۈچۈر بىزنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرماقتا. رادىئو، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، ئانتىنا، يانفون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈر ۋاستىلىرى بولۇپ، زامانىمىزدا

ئىنتېرنېتنىڭ خىزمىتى ئالاھىدە بولماقتا. ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلارنى ئايلىنىپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالدۇق. ئوقۇيدىغان كىتاب ـ ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىمەن دېسەكمۇ ئوقۇپ بولالمايمىز. ھەممىسىنى ئوقۇش لازىممۇ ئەمەس. شۇڭا بىز ئوقۇيدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشىمىز ۋە ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغانلىرىنى ئوقۇشىمىز لازىم.

مۇسۇلمان ئادەم ئۆزى زېرەك، ھوشيار، ئىشلىرى رەتلىك ۋە پىلانلىق بولۇشى كېرەك. دىن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كىتابلارنى ئوقۇش ۋە ئۇلارنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. زىيانلىق كىتابلارنى بولۇپمۇ، ئىسلام ئەقىدىسىگە، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆلچىمىگە زىت كېلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇماسلىق لازىم.

## ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كىتابخۇمار خەلقتۇر

بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كىتابنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق. ئۆتمۈشلەردە كىتابلارنى باسىدىغان باسمىخانىلار بولمىغانلىقتىن، كىتابلارنى مەخسۇس پۈتۈكچىلەر قىممەت پۇلغا كۆچۈرۈپ چىقىدىكەن. بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا بولسا، كىتاب ئىنتايىن قىس بولغانلىقتىن، پۈتۈكچىلەر بىرەر كىتابنى كۆچۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن كىتاب چوڭراق بولسا، بىرەر كالا، ئەگەر كىتابنىڭ ھەجمى كىچىكرەك بولسا، بىرەر قوي ئالىدىكەنمىش. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئۆيىدە كىتاب ساقلاشنى مۇھىم بىر ئەنئەنە

دەپ تونۇغانلىقتىن، كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھەركىم ئۆيىنىڭ تۆرىسىدا كىتاب ساقلايدىكەن. ساۋادى بارلار بۇ كىتابلارنى ئۆزلىرى ئوقۇيدىكەن، ساۋادى يوقلىرى ئوقۇشنى بىلىدىغانلارغا ئوقۇتىدىكەن. بىرەر ساۋاتسىز ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە بىرەر ئالىم ياكى ھېچبولمىغاندا كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغان بىرەر مېھمان كېلىپ قالغاندا، ئۆيدىكى كىتابنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوقۇتۇپ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى تىڭشايدىكەن. بۇ ياخشى ئادەت ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابنى سۆيىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئۇيغۇر خەلقى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى بەكمۇ ئۇلۇغلايدۇ. ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدىن يوق دېگەندە بىرەر نۇسخىدىن «قۇرئان كەرىم» چىقماي قالمايدۇ. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۆيىنىڭ ئېگىز يېرىدە ساقلايدۇ. ھەر قېتىم ئۇنى قولىغا ئالغىنىدا، تاھارەت بىلەن ئىككى قوللاپ سىلىق ئالىدۇ. ئوقۇپ بولۇپ يەنە ئىككى قوللاپ، ھۆرمەت بىلەن ئۆز جايىغا ئېلىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرئاننى قاتتىق ھۆرمەت قىلغانلىقتىن، ئۇنى




كۆكسىنىڭ يۇقىرىسىدا تۇتۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. قۇرئاننى تىڭشىغاندا جىم ئولتۇرۇپ، ھۆرمەتتىن بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ تىڭشايدۇ.

كىتاب سوۋغا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرىدۇر

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك بىر خەلق بولغان. ئۇلاردا ھەر خىل سوۋغىلار بولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى ئەڭ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابنى قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. كىتابنى قەدىرلەش مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇلۇغ دانىشمەن بۈيۈك مەھمۇد كاشغەري «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاھقا سوۋغا قىلغانلىقىنى كىتابنىڭ بېشىدا تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان. قەدىمقى دەۋردە شەرق دۇنياسىدا كىتاب يېزىپ، شاھلارغا، بەگلەرگە تەقدىم قىلىش، ھەتتا كىتابنى بەگلەرنىڭ نامىدا ئاتاش خېلى ئومۇملاشقان ئىكەن. ئۆز دەۋرىدىكى مەرىپەتلىك پادىشاھلار مال ـ دۇنياغا نىسبەتەن يەنىلا مەنىۋى سوۋغات ـ كىتابنى ئەزىز بىلەتتىكەن. چۈنكى كىتاب مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزگەن ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر توپلىغان ئىلغار بىلىم جۇغلانمىلىرىنى 18 ئايلىق مېھنەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتاپ، ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا سوۋغا قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى ئالىم باشلاپ بەرگەن كىتاب سوۋغا قىلىش ئەنئەنىسى





كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ، نەچچە مىڭلىغان ئېسىل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئۈلگە بولغان. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان كىتابىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ دەۋردىكى خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىدا يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. ئەلىشىر ناۋائىي ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىنى ھۇسەين مىرزا ساھىبقىراننىڭ نامىدا يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. ئابدۇراھمان جامى ئۆزىنىڭ «باھارىستان» ناملىق كىتابىنى سۇلتان ساھىبقىران ھۇسەين بايقارانىڭ نامىدا يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان ئىكەن[1].

كىتابنى ھەتتا ئۆزىنىڭ بالىسىدىنمۇ ئەزىز بىلگەن ئۇيغۇر خەلقى كىتاب يېزىشنى مەڭگۈلۈك قىممەتلىك ئەمەل دەپ قارىغان. بىرىگە بىرەر كىتابنى سوۋغا قىلىشنىڭ ئۈزۈلمەس ساۋابلىق ئىش (سەدىقە جارىيە) قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن خەلقىمىز كىتاب سوۋغا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خىسلەتنى ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىسىگە ئايلاندۇرغان. بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ باش تارتىپ ئالالمايدىغان بۇرچىدۇر.

(1) يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قائىدە - يوسۇنلىرىمىز» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» نەشر قىلغان.

ئوتتۇز يەتتىنچى رېتسېپ

# ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشتىن ھۇزۇر ئېلىش

زىكىر لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىنى ئەسكە ئېلىش، ياد ئېتىش ۋە خاتىرىلەش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەش كۆڭۈلنى شاد قىلىدىغان، دىلنى ئارام تاپقۇزىدىغان، يۈرەكنى ياشارتىدىغان سېھىرلىك ئىبادەتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بەخت - سائادەتنىڭ ۋە كۆڭۈل يورۇقلۇقىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسىدۇر. ﴿أَلا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ يەنى بىلىڭلار، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئارقىلىق ھەقىقەتەن دىللار ئارام تاپىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇ زاتنىڭ ئۆزىگە جان

---

(1) رەئد سۈرىسى 28 - ئايەت.

تومۇردىنمۇ بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە بىر پۈتۈن خاتىرجەملىك ۋە دىل ئاراملىق ئىچىدە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان ئۆلىمالىك زاتلار: «ئاللاھنى ياد ئېتىش ئاللاھنىڭ زېمىندىكى جەننىتىدۇر. زېمىننىڭ جەننىتىگە كىرەلمىگەن ئادەم ئاخىرەتنىڭ جەننىتىگە كىرەلمەيدۇ» دېگەن ئىكەن. ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش كۆڭۈلنى ئىزتىراپلىرى ۋە مۇشەققەتلىرىدىن قۇتقۇزغۇچىدۇر. شۇنداقلا ئۇ يەنە بارلىق مۇۋەپپىقىيەت ۋە نىجاتلىققا يەتكۈزىدىغان ئەڭ قىسقا يولدۇر. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ياد ئېتىپ تۇرغان بەندىلىرىگە جەننەتنى ۋەدە قىلغان. ﴿وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئاياللار بارغۇ، ئاللاھ ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى﴾[2].

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىزنىڭ زىكىر ئېيتىشىڭىزنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ، خۇشاللىقىڭىزمۇ ئارتىپ بارىدۇ. قەلبىڭىز تىنچلىنىدۇ، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىسىز، كۆڭلىڭىز راھەتلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىزگە شۇنچىلىك بەك يېقىنكى، سىز ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلسىڭىز دۇئايىڭىزنى ئىجابەت قىلىدۇ،

(1) ئەھزاب سۈرىسى 41 - ئايەت.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 35 - ئايەت.

ئىلتىجا قىلسىڭىز دەردىڭىزنى ئاڭلايدۇ، بىر نەرسە تىلىسىڭىز بېرىدۇ. سىز ئاللاھ تائالانى ياد قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان لەھزىلىرىڭىزدە ھەرگىز بەختسىز بولمايسىز، ئەكسىچە، تولۇق بىر سائادەت ئىچىدە بولىسىز. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرغان قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. ﴿فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الآخِرَةِ﴾ يەنى «﴿ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ئاتا قىلدى﴾[1].»

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 148 - ئايەت.

# ئۆتمۈشنىڭ ھەسرەتلىرى سىزنى ئازابلىمىسۇن




دوكتور ئائىز ئەلقەرنى «غەم قىلماڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرنى ئەسلەش ۋە ئۇ سەۋەبلىك ئاچچىق يۇتۇش ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلىك ۋە ساراڭلىقتۇر. ئۇ ئىرادىمىزنى سۇندۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى ھاياتلىقنى بىتچىت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. شۈبھىسىزكى، ئاقىللار بۇنداق كەچمىش بەتلىرىنى ئۇنتۇش بۇلۇڭلىرىغا قاتلىۋېتىدۇ. ئۇنى ھەممىلا چاغدا يېپىپ يۇرمەيدۇ. ئۇنى بىپەرۋالىق ھەپسىسىگە قامىۋېتىپ، مەڭگۈ چىقىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. كەچمىش دېمەك ئۆتتى، كەتتى دېمەكتۇر. ئۇ غەم قىلماق بىلەن قايتىلانمايدۇ. ئەسلەش سەۋەبلىك ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ قايتىلانماس ئۆتمۈش. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆتمۈشنىڭ قارا چۈشى بىلەن يوقلۇق سايىسىدا ياشىماي، ئۆتمۈشنىڭ كۆلەڭگۈسىدىن ئۆز ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزغايسىز. ئەجەبا، سىز دەريانى مەنبەسىگە، قۇياشنى مەشرىققە، بالىنى بالىياتقۇغا، سۈتنى ئەمچەككە، ياشنى كۆزلەرگە قايتۇرالامسىز؟ مۇقەررەركى

سىزنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالماسلىقىڭىز، ئۇ سەۋەبلىك ئىزتىراپ چېكىشىڭىز ۋە ئۇنىڭ چوغلىرى ئارىسىدا چۇچۇلىگە ئايلىنىشىڭىز، ئۇنىڭ بۇسۇغىسىدا دالىيىپ يېتىۋېلىشىڭىز ـ ئەڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە جۈملىسىدىندۇر.

ئۆتمۈشنى ۋاراقلاش بوگۈننى زايا قىلىشلا بولۇپ قالماستىن، كۆز ئالدىمىزدىكى قىممەتلىك مىنۇتلارنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتتۇر﴾[1].




كەچمىش كەچتى، تۈگىدى. زاماننىڭ جەسەتلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ۋە تارىخ چاقلىرىنى قايتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. ئۆتمۈشكە قايتقان كىشى ئۇننى قايتىلاپ تارتقان كىشىگە ئوخشايدۇ. قەدىمكىلەر مۇسىبەتلىك يىقىنلىرىغا تەسەللى ئۈچۈن: «ئۆلۈكنى گۆردە تىنچ ياتقۇزۇڭ» دەيدىكەنمىش.

بىز بۈگۈنكى رىئاللىقىمىزغا دادىل يۈزلىنىشكىمۇ قۇربەتسىز تۇرساق، ئۆتمۈش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا نەدىكى ئىمكان. بىزنىڭ تىراگېدىيىمىز كۆپىنچە كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل قەسىرلەرگە ئېتىبار قىلماي، ئاللىقاچان جۇللۇقى چىقىپ كەتكەن ئۆتمۈش خارابىسىدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەسلىكتە تۇغۇلىدۇ. ئەگەر

(1) بەقەرە سۈرىسى 134- ئايەت.

ئىنسانلار ۋە جىنلار يىغىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنسىمۇ، ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئەسلىدىنلا مۇمكىن ئەمەس ئىشتۇر.

مۇقەررەركى، ئىنسانلار كەينىگە ئەمەس ئالدىغا سىلجىيدۇ. شاماللار ئالدىغا قاراپ سۈرۈلىدۇ. ئېقىنلار ئالدىغا قاراپ ئاقىدۇ. كارۋانلار ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. شۇڭا سىزمۇ ھەم ئالدىڭىزغا قاراڭ، ھاياتلىق قانۇنىيىتى بىلەن قارشىلاشماڭ».

## كەتكەن كەتتى قايغۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق

دوكتور ئائىز ئەلقەرنى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەنگە پۇشايمان قىلىپ، قولىنى چىشلەش، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ياد ئېتىپ كۆڭۈل بۇزۇش ئەخمەقلىقتۇر. بۇنداق قىلىش ئىرادىنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە بۈگۈنكى ھاياتنىڭ سۈزۈكلىكىنى بۇلغىغانلىقتۇر. ئاقىللارنىڭ پەلسەپىسىدە ئۆتمۈشنىڭ دەپتىرى يېپىلىدۇ، قەتئىي ئېچىلمايدۇ. ئۇ ئۇنتۇلۇش زىندانىغا تىقىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ كەتتى، قايتا كەلمەيدۇ. ئۇنى ھەسرەت ـ نادامەت ياكى پۇشايمان قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. غەم ـ قايغۇمۇ ئۇنى ئوڭشىيالمايدۇ.

سىز دەريا سۈيىنى بېشىغا، قۇياشنى تۇغقان يېرىگە ۋە بۇۋاقنى ئانىسىنىڭ قورسىقىغا قايتۇرالامسىز؟ ئۆتمۈش توغرىلىق قايغۇرىشىڭىز ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئازابلىغانلىقتۇر، بەس.

ئۆتمۈشنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ھازىرنىڭ

ۋاقتىنى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ﴿تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتتۇر﴾ [1] دېيىش بىلەن كۇپايە قىلغان. چۈنكى كەتكەن كەتتى، ئىش تۈگىدى. تارىخنىڭ چېقىنى ئارقىغا قايتۇرۇش ۋە ئۆتمۈشنىڭ ئانالىزلىرىنى ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۆتمۈش بىلەن بەند بولۇپ قالغانلار تارتىلىپ بولغان ئۈننى تارتىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچىلاردۇر. قەدىمقىلەر ئۆتمۈش ئۈچۈن كۆزيېشى قىلغۇچىلارغا «ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقارماقچىمۇسىز» دەيدىكەن.

بىزنىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىمىز، بۈگۈنىمىزنى غەنىيمەت بىلەلمەيمىز، ھەدەپ ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىلىرى بىلەن مەشغۇلمىز. بىز بۈگۈننى ياشاۋاتىمىز. ئۆتمۈش كەلمەسكە كەتتى. ئۈنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. شامال ئالدىغا يۈرىدۇ. سۇ ئالدىغا ئاقىدۇ. كارۋان ئالدىغا ماڭىدۇ. سىز نېمە ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىسىز؟!»

## ھاياتنى شۇ پېتى قوبۇل قىلىڭ

«دۇنيا ھالى لەززەت ئېلىش قىيىن، جاپاسى تولا، سۆرۈن تەلەت، رەڭگى تۇرلۇك خاپىلىقلارغا تولغان بولۇپ، سىز تا ئۆلگۈچە بۇ مۇشەققەت، ھەسرەت ـ نادامەتلەرنىڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى 134- ئايەت.

ئارىسىدا قېيىنىلىسىز. سىزنىڭ مەيلى ئاتا ـ ئانىڭىز، مەيلى بالىچاقىڭىز، مەيلى دوست ـ يارەنلىرىڭىز، مەيلى تۇرالغۇڭىز ياكى خىزمىتىڭىز بولسۇن، ھەممىسىنىڭلا ئۆزىگە چۇشلۇق جاپاسى ۋە خاپىلىقى باردۇر. ئۇلاردىن سىزگە بەزىدە خاپىلىق يەتسە، بەزىدە يامانلىق يېتىشى مۇمكىن. تەڭگە تەك نىجاتلىققا ئېرىشەي دېسىڭىز يامانلىقنىڭ ئوتىنى ياخشىلىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈڭ. ھەرقانچە ھار كەلگۈدەك ئىش بولسىمۇ، بۇ سەۋەبلىك قارشى تەرەبنى جاراھەتلەندۈرۈشتىن ساقلىنىڭ. ئاللاھ بۇ دۇنيانى قارىمۇ ـ قارشى نەرسىلەرنىڭ بىرلىكىدە ياراتتى. بىر بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل گورۇھ، بىر بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل جىنس، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل پىكىر...دېگەندەك. ياكى بولمىسا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، دۇرۇسلۇق بىلەن بۇزۇقلۇق، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى قوشكېزەك بولۇپ، موشۇ دۇنيادا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بارلىق ياخشىلىق، دۇرۇسلۇق، خۇشاللىقلار بىر ـ بىرىگە سىرداش، چىن سۈپەتلەر بولۇپ، بۇلار جەننەتكە؛ بارلىق يامانلىق، بۇزۇقلۇق، خاپىلىقلار قوشماق بولۇپ، دوزاخقا تېگىشلىكتۇر.

رېئاللىققا يۈزلىنىڭ، خىيالدىن نېرى تۇرۇڭ. خىيالىي دۇنيانىڭ رەڭلىرىدىن كۆزلىرىڭىز تورلىشىپ قالمىسۇن. ئەمەلىيەت ئىچىدە مۇھىت ۋە شارائىتقا ماسلىشىۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. رېئال ھاياتتا كەم ـ كۈتىسىز، مۇكەممەل قاياش تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ھەممىلا چاغدا تەلىيىمىزنىڭ ئوڭدىن كېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كەم ـ كۈتىسىز، مۇكەممەل بولۇش بىز

ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئەمەس. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ نۇقسانسىز، مۇكەممەل جۈپتىنى تاپالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. «مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى ياقتۇرمىسىمۇ، يەنە بىر تەرىپىدىن رازى بولىدۇ»[1]. شۇڭا، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، ئەپۇچان بولۇپ، ئېرىشكەن ۋە يوقاتقىنىڭىز بىلەن ھېسابلاشماي، مەردانە ياشىغايسىز»[2].

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئالدىنقى مەنبەدىن.

ئوتتۇز توققۇزىنچى رېتسىپ

# كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىڭ



ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاددىيغىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۈرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىتتىكلىك، ئېغىر-بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەۋرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بار.

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولىدۇ، ئەپۇچان بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ. تەنتەكتىن بىرى ئۇنىڭغا ئازار بەرگىلى تۇرسا ئۇ خۇددى يولدا ئويناۋاتقان سەبىي بالىلارنىڭ ئۆزگە تاش ئاتقىنىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويغان پەيلاسوپقا

ئۇخشاش ئېگىز چوققىدىن پەسكە باقىدۇ.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن چاغدا غەزەپ بەزىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۆزىنى قان تۆكمىگۈچە ئاقلانمايدىغان دەرىجىدە ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ قورغانلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا بۇنچىلىك ھالغا يېتىپ قالمايدۇ.



## غەزەپنىڭ زىيىنى كۆپتۇر

ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد غەززالىي «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «غەزەپ ئادەم بالىسى قەلبىدە يانغان چوغدۇر. كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، گۈرەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكى غەزەپنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋاقتى بولۇپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ چارىسى ئورنىدىن قوزغالماسلىق، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىشتۇر. غەزەپنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم خۇدىنى بىلمەي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، داۋاملىق تىرىكىپ يۈرىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ تىللايدۇ، قارغايدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاققا زىت كېلىدىغان قىلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: ‹مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ ۋە ھاياسىزلىق قىلمايدۇ›[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى




ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم كۆپ هاللاردا ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. ئادەتتە ئىشىك ئىچىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنى تىللايدۇ، قولىدا تۇرمىغان سايماننى سۇندۇرۇپ قويىدۇ، ئۈركىگەن هايۋاننى قارغايدۇ، ناۋادا ئۇ كىشى شوپۇر بولسا قارشى تەرەپنى توختىماي تىللايدۇ. غەزەپنىڭ زىيىنى تولا، ئاقىۋىتى خەتەرلىك. شۇڭا غەزىپى قوزغالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هەقىقىي باتۇر ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساهابىلىرىدىن ‹سىلەر قانداق ئادەمنى باتۇر دەيسىلەر؟› دەپ سورىغاندا، ساهابىلەر: ‹بىز هېچكىم يىقىتالمايدىغان ئادەمنى باتۇر دەيمىز› دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالايدىغان ئادەم هەقىقىي باتۇردۇر›[1] دەيدۇ.

هەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى، ئاچچىقىنى قانچە بېسىۋالغانسېرى، ئىغىزىغا قانچە ئىگە بولغانسېرى، كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى قانچە ئەپۇ قىلغانسېرى ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى هۆرمىتى يۇقىرى بولىدۇ».[2] ئەپۇ قىلىش مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) مۇتەپەككۇر ئالىم مۇهەممەد غەززالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.



## سۆكۈلدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

سۆكۈلدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش ـ ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا بوي ئېگىپ، زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش، قارشىلىق بىلدۈرمەي ئەكسىچە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشتۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىلدىكى تەسلىمىيەتچىلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت دىنى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بارلىق ئىنسان بالىسىنىڭ خورلۇق كۆرۈشىنى، ئېزىلىشىنى، بوزەك قىلىنىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇشنى، شۇنداقلا زالىم ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھەق سۆزنى دادىل قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك جىھاد قاتارىدىن سانايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋ ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنىڭ ھەقسىزلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلغانلىق سانالمايدۇ. بەلكى ھەقسىزلىكنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە تەسلىمىيەتچىلىك سانىلىپ سۆكۈلۈشكە يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ قىلغانلىقىنى ئەپۇ قىلغانلىق دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ راستتىنلا يالغانچىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەپۇ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ ھۆر ئىنسانلىق خىسلىتىگە

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

لايىق ئىش قىلمىغانلىق ۋە ناھەقچىلىكتە كۆز يۇمۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق ھەقسىزلىككە ئۇچرىشىغا يول ئاچقانلىق، زالىملارنىڭ ھەقسىزلىكىنى، جەۋر ـ زۇلۇملىرىنى قوللىغانلىق ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ھەقسىزلىك قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەقسىزلىقىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى چىقىدۇ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى يۆلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەزىزلىكى، كارامىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتى مانا بۇ يەردە!

## ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش ـ ھەقسىزلىك قىلغۇچىغا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي ئەپۇ ۋە ھەقىقىي كەچۈرۈم بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇنى: «ئەپۇچانلىق ـ ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىشتۇر» دەپ تەرىپلىگەن.

مانا بۇ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلغان ئەپۇ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالغان،

ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازاد بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى - شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ بىلەن بىرگە ئۈمىد ئىچىدە تۇرۇشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھىبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ئەرەبلەر توپ - توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.



## رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش

رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن ياكى ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن ئەپۇ قىلىش ـ ئۆزىدىن ئاجىز ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىرىنىڭ خاتالىقىنى، تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلىپ، جازالاشتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەقەت قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان، ھەر زامان ۋە ھەركىمگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىنى ۋە يامانلىقىنى كەچۈرۈۋېتىش ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر. ئاللاھ تائالا تەقۋادار مۇئمىنلەرنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾(1)

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەپۇچانلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ يەنى ﴿سەن ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلاردىن يۈز ئۆرۈگىن﴾(2)

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، بارچە ئېسىل پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۇستازى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 134 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 199-ئايەت.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش، قول ئاستىدىكىلەرگە ئەڭ يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىشتا ئىنسانىيەتكە جانلىق ئۈرنەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئون يىل خىزمەت قىلغان ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ قاتتىق سۆز ئاڭلىمىغانلىقىنى ۋە يامان مۇئامىلە كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئون يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ يامان سۆز ئاڭلىمىدىم، «قىلىدىڭ» دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسام، «نېمىشقا ئۇنى قىلمىدىڭ؟» دەپ سورىمايتتى، «قىلماڭ» دېگەن ئىشنى قىلىپ سالغىنىمدا، «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېھرىبان بىرەر كىشىنى كۆرگىنىم يوق»[1] دەيدۇ.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ قول ئاستىدا بولغان ئاجىز تائىپىلەر بولۇپ، ئائىلىنىڭ ھوزۇرى ۋە تىنچلىقى ئاياللارنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ:

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

«ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»[1] دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»[2] دېگەن.

مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئىلگىرى ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئۆيىنىمۇ تۈپتۈز قىلىۋەتكەن قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقى ۋە قىلغان جىنايەتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى قانداق ئېچىنىشلىق ئالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت مېھرى ـ شەپقىتى، كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقى، كەچۈرۈمچانلىقى بىلەن ھەممىگە بىردەك

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

تونۇلغان ئۇلۇغ بىر ئادەمنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە يەنە ئۈمىدلىرىنى ئۈزمىگەن هالدا تۇرۇشاتتى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! مېنى سىلەرنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار هەممىسى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا «ياخشىلىقنى كۈتىمىز. قېرىندىشىمىز ۋە قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى بولغان زات كەرەملىكتۇر» دېيىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەنمۇ خۇددى يۈسۈپ ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان: ﴿لاَ تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ يَغْفِرُ اللَّهُ لَكُمْ وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾ يەنى ﴿بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر﴾[1] دېگەن سۆزنى ئېيتىمەن. تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ شۇنچە يىل ئۆزىگە ۋە ساھابىلىرىغا چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈپ - تۈپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى نەسر سۈرىسىدە ئىپادىلىگەن: ﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ . وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا . فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ

---

(1) يۈسۈف سۈرىسى 92 - ئايەت.

دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا،رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇسانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾[1].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىشتىن ئاۋۋال، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن توققۇز كىشىنىڭ قاللىسىنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدۇ، كېيىنچە مۇسۇلمان بولدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدىن ھىبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن بىرى بار ئىدى ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا شۇنچىلىك قاتتىق ئۆچمەنلىك كۆرسەتكەن ۋە قىلغۇدەكلا گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغاننىڭ سىرتىدا، يەنە ھەددىدىن ئېشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغىنىدا، ئۇنى ئۇرۇپ تاشقا يىقىتقۇەتكەن ۋە قورسىقىدىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ ۋە كېيىنچە مۇسۇلمان بولدۇ.

(1) نەسر سۈرىسى 1~3 ـ ئايەتلەر.



قىرىقىنچى رېتسېپ

# ۋاپادار بولۇڭ

ۋاپادارلىق دېگەن سۆز قۇلاققا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، قەلبلەرگە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان بىر سۆزدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سۆزنى ۋەدىسىگە تۇرۇش، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش دېگەن ئاددىي مەنىسىدىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ۋاپادارلىقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭ، دائىرىسى كەڭ، ئەلۋەتتە. ۋاپادارلىق ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش، ئۆزىنىڭ جورىسىغا ۋاپادار بولۇش، ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش

مەن ئاللاھ تائالاغا بىرەر ئىشتا ۋەدە قىلمىغان تۇرسام، نېمىگە ۋاپادارلىق قىلىمەن؟ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئېسىڭىزگە ئالغىنىڭىزدا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا مىننەتدار ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇشنىڭ تەبىئىي بۇرچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿وَمَا بِكُم مِّن نِّعْمَةٍ فَمِنَ اللَّهِ﴾ يەنى ﴿سىلەردىكى قانداقلا بىر نېمەت بولسۇن، ئۇ چوقۇم ئاللاھتىندۇر﴾[1] دېيىلدۇ.

قېنى ئويلاپ بېقىڭ... بالام دەپ باغرىغا باسقان، بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلغان، بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تەل قىلىپ ھازىرلاپ بەرگەن، ھەممىنى ئۇنىڭغا بەدەلسىز بەرگەن ئاتا ـ ئانىسىغا تۈزكورلۇق قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن بىر ئىنسانغا قانداق باھا بېرىسىز؟ خەلقى ئالەم ئۇنى نېمە دەيدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرى، ئىنئاملىرى ۋە بەرگەن نېمەتلىرى ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ قىلغانلىرىدىن ئەلۋەتتە كۆپ ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالا سىزنى چىرايلىق شەكىلدە ھۆرمەتلىك ئىنسان قىلىپ ياراتتى، پۇت، قولىڭىزنى ساق قىلدى، تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن سىزنى ئوزۇقلاندۇردى ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغان كىشىلەرگە ئەمەس، سىلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا قاراڭلار. بۇ

[1] 16- سۈرە نەھل 53- ئايەت

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇشۇڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر»[1] دېگەن. شۇنداق قىلغاندىلا، سىز ئۆزىڭىزدىن خېلى كۆپ كىشىلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىسىز ۋە سىزگە نۇرغۇن نېمەتلەر بېرىلگەنلىكىنى. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى تونۇشىڭىز ئۈچۈن بۇ ھەدىس ئۆلچەم بولالايدۇ.

سىزدىن تۆۋەن ئادەملەرگە قاراڭكى، ئاللاھ تائالا سىزنى ئۇلاردىن قانداق يۇقىرى، قانداق ھۆرمەتلىك قىلدى ـ ھە؟ لەززەتلىك رىزىقلار بىلەن سىزنى قانداق ئوزۇقلاندۇردى؟ ئاتا ـ ئانىڭىزدىكى سىزگە بولغان مېھرى ـ شەپقەتنىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەمەسمۇ؟

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن دىلدىن سۆيۈش، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئۈلگە قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش



شەكسىزكى، دۇنيادا ۋاپا قىلىشىمىزغا ئەڭ تېگىشلىك، ھەققى بىزدە ئەڭ كۆپ بولغان كىشىلەر ئاتا ـ ئانىلاردۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ ھەقلىرىنى قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىپ ئۇلارغا بولغان ۋاپا بۇرچىمىزنى ئورۇنداشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىم كىم؟ دەپ سورىغان سوئالىغا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن، ھەر قېتىم سورىغان سوئالىغا «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىپ، تۆتىنچى قېتىم يەنە قايتا سورىغىنىدا: «ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. باللار ئاتا ـ ئانىلارغا قانچىلىك كۆپ خىزمەت قىلسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاتا ئائىلىنىڭ يېتەرلىك ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ، چارچايدۇ. ئانا بولسا، پەرزەنتىم دەپ، توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى تۇغۇش جەريانىدا ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئېغىر تولغاقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مىخبىر جاپادا ئۇنى تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئېمىتىپ، ئاسىراپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنى چوڭ قىلىش جەريانىدا كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ، بالىسىنى ئاسراش ۋە بېقىش يولىدا ئۆزىنىڭ راھەتىنى ئۇنۇتىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ غەمكىنلىكى بىلەن غەمكىن بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ ئادەم بولغىنىنى كۆرگىنىدە،

قانچىلىك ھاياجانغا تولۇپ، ئۆزلىرىنى قانچىلىك سائادەتلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن. باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بوگۇنى ھەم ئەتىسىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا پەرزەنتلىرى ئۇچۇنلا ياشايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللار ئۇستىدىكى ھەقلىرى: باللارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، قېتىرقىنىپ خىزمەتلىرىنى قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا جۈملە سۆزگە قىسقىرايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆز ـ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەمىنلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئاسراش، كۆڭۈللىرىنى شاد قىلىش، ئۇنى بىقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدىكى ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئەجىرلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرىنى ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئەڭ ئالىي ئىھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى رەنجىتمەسلىك، قاتارلىق كۆپلىگەن ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا . وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا . رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ إِن تَكُونُواْ صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُورًا﴾ يەنى ﴿رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى

يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىللە بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا » ئوف!» دېگەنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيىلىگەنىدەك، (سەنمۇ) ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن. رەببىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، شەكسىزكى، ئۇ تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتلەر باللار قانداقلا شارائىتتا بولسۇن، يەنى ئۇلار مەيلى باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، ياكى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتا ـ ئانىلارغا قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» بەزى ۋاقىتلاردا باللارنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالەتلەردىمۇ ئۇلارغا مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئاددى سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ئاتا ـ ئانىلار ياشىنىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، باللار ئاتا ـ ئانىلارغا قوللىرىدىن كېلىدىغان

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 - 25 - ئايەتلەر

پۈتۈن خىزمەتلەرنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا - ئانىسىغا بولغان سەمىمى ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

بىز ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلغاندەك، «ئېھسان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. بۇ سۆز ئاتا - ئانا ھەققىدە كەلگەندە، ئالدى بىلەن «قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ دېگەن سۆزنى «ئاتا - ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دەپ چۈشىنىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئاتا - ئانىلار ھەققىدە كەلگەن «ئېھسان» نى ياخشىلىق قىلىش دېگەن ئاددىي مەنىدە چۈشىنىش توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا - ئانىغا ئېھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن

خالىسانە يـاردەم قىلىـپ قويـۇش، خەيـر ـ سـاخاۋەت قىلىـپ قويۇش دېگەنلىـك بولىـدۇ. ھالبۇكـى، ئاتـا ـ ئانىغـا ئېھسـان قىلىـش (يەنـى قېتىرقىنىـپ خىزمـەت قىلىـش) پـەرزدۇر. پـەرز بولغانىدىمـۇ ئادەتتىكـى پەرزلەردىـن ئەمـەس، بەلكـى ئاللاھقـا ئىبـادەت قىلىشـتىن كېيىنكـى ئىككىنچـى چـوڭ پـەرزدۇر. يۇقىرىقـى: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ يەنـى: ﴿رەببىـڭ پەقـەت ئۇنىـڭ ئۆزىگىـلا ئىبـادەت قىلىشـىڭلارنى ۋە ئاتـا ـ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىـپ خىزمـەت قىلىشـىڭلارنى پـەرز قىلـدى﴾ دېگـەن ئايەتنىـڭ مەنىسـى بۇنـى تەقـەززا قىلىـدۇ. ئاتا ـ ئانىغـا قىلىنىدىغـان ئېھسـان باشـقىلارغا قىلىـپ قويىدىغـان خەير ـ ئېھسـانغا ۋە خالىسـانە ياردەملەرگـە ئوخشـمايدۇ. چۈنكـى خالىسـانە يـاردەم ۋە خەير ـ ئېھسـان دېگـەن باشـقىلارغا بەدەلسـىز قىلىـپ قويىدىغـان نەرسـە. ئەمما ئاتا ـ ئانىغا قىلىنىدىغـان ئېھسـان ئۇلارنىـڭ قىلغانلىرىنـى قايتـۇرۇش يولىدىكـى بـۇرچ ۋە قـەرزدۇر. شـۇڭا بۇنـداق بىـر قەرزنـى ئـادا قىلىـش يولىدىكـى خىزمـەت بۇرچىنـى ئادديي مەنىـدە «ياخشـىلىق قىلىـش» دەپ چۈشـىنىۋېلىش توغـرا ئەمـەس.

ئاتا ـ ئانىغا قىلىشقا تېگىشلىك ۋاپادارلىق ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلـەن توختـاپ قالمايـدۇ. بـۇ ۋاپـا بۇرچـى ئـۇلار ھاياتتىـن كـۆز يۇمغاندىـن كېيىنمـۇ باللىرىنىـڭ گەدەنلىرىـدە قالـدۇ. بىـر ئـادەم پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يېنىغـا كېلىـپ: «يـا رەسـۇلۇللاھ! ئاتـام بىلـەن ئانـام ئۆلـۈپ كەتتـى، ئـۇلار ئۆلـۈپ كەتكەندىـن كېيىنمـۇ ئۇلارغـا قىلىشـقا تېگىشـلىك ياخشـىلىقلار بارمـۇ؟» دەپ سـورىغاندا، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۇنىڭغـا: «ئەلۋەتتـە

بار، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلار باغلاپ كەلگەن تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

## ئۆزىنىڭ جورىسىغا ۋاپادار بولۇش




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىڭىز جورىڭىزدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. مەككە ئازاد بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى كەلگەنلەر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يامانلىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلگەنلەر، يېڭىدىن ئىمان ئېيتىپ كەلگەنلەر، ئۇنى ئۇزۇن زامان كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەھۋاللاشقىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەكمۇ ياشىنىپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، كەلگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ شۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، چاپىنىنى يەرگە سېلىپ ئۇنى چاپاننىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئايال بىلەن بىر سائەت مىقدارى سۆھبەتلىشىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(2) ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايال خەدىجىنىڭ دوستى ئىدى، خەدىجە ھايات ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇراتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئايال بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆتكەن كۈنلەرنى، خەدىجىنى ئەسلەپ پاراڭلاشتۇق» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈندەشلىكى قوزغىلىپ: «يارەسۇلۇللاھ، سىلى ھازىرمۇ شۇ تۇپراقتا ئايلىنىپ كەتكەن قېرى خوتۇننى ئەسلەۋاتامسىلا؟ ئاللاھ سىلىگە ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەردى ئەمەسمۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى. ئىنسانلار مېنى ھەر نەرسىدىن مەھرۇم قىلغاندا، ئۇ ماڭا بارلىقىنى بەرگەن ئىدى، ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇ ماڭا ئىمان ئېيتقان ئىدى»[1] دېگەن.

ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا سىلىق ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەملىشىش، دەرتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈش، ئۇلارنى ئۇرماسلىق،

(1) ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى رىۋايىتى

ئـازار بەرمەسـلىك، ئۇلارنـىڭ ئاتـا ـ ئانىسـىنى، تونۇغقانلىرىنـى ۋە ئۇلگىلىـك دوسـتلىرىنى زىيـارەت قىلىشـىنى توسۇماسـلىق قاتارلىقلارنـىڭ ھەممىسـى ئايالـلارغـا ۋاپادارلـىق قىلغانلىقتـۇر.

سـاھابىلەردىن بىرىنـىڭ ئايالـى ھەمىشـە ئۇنىڭغـا ئاۋازىنـى يۇقـىرى كۆتـۈرۈپ، جېـدەل قىلىشـىدىكەن. بـۇ سـاھابە بىـر كۈنـى خەلىپـە ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا ئـەرز قىلماقچـى بولـۇپ، خەلىپىنـىڭ ئىشـىكىنىڭ ئالدىغـا كەلگىنىـدە، ئـۆي ئىچـىدە خەلىپىنـىڭ ئايالىنـىڭ ئۇنـىڭ بىلـەن جېدەللىشـىۋاتقان يۇقـىرى ئاۋازىنـى ئـاڭلاپ قېلىـپ، «مېنىـڭ ئايالىملا شـۇنداق ئەمەسـكەن، خەلىپىنىڭمۇ ئۆزىگـە چۇشلۇق دەردى بـار ئىكـەن» دېگەن خىيـال بىلـەن قايتـاي دەپ تۇرۇشـىغا خەلىپـە ئۆمـەر ئۆيىدىـن چىقىـپ ئۇنـى كـۆرۈپ قالـدۇ ۋە ئۇنىڭدىـن نېمـە ئۈچـۈن كەلگەنلىكىنـى سـورايدۇ. سـاھابە دەردىنـى بايـان قىلىـپ: «خەلىپىنـىڭ ئەھۋالـى شـۇنداق بولغـان يـەردە، ماڭا نېمـە بوپتـۇ؟» دەيـدۇ. خەلىپـە ئۆمـەر بـۇ ۋاقىتتـا ئۇنىڭغـا تەسـەللى قىلىـش مۇناسـىۋىتى بىلـەن ۋاپادارلىق مۇجەسسـەملەنگەن مۇنـۇ مەشـھۇر سـۆزىنى ئېيتىـدۇ: «ئايالـىم مېنىـڭ ئېغىرچىلىقلىرىمنى كۆتۈرىـدۇ، باللىرىمنى تەربىيەلەيـدۇ، كىيىملىرىمنـى يۇيىـدۇ، تامىقىمنـى ئېتىـدۇ، ئۆيۈمنـى پاكىـز تۇتىـدۇ. ئايالىـم بۇلارنـىڭ ھەممىسـىنى قىلىشـقا بۇيرۇلمىسـامۇ شـۇنداق قىلىـدۇ. مـەن ئەمـدى ئۇنىـڭ مـاڭا ئاۋازىنـى كۆتـۈرۈپ دەرتلىنىشـلىرىنى كۆتۈرمىسـەم بولامـدۇ؟!»

## ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش

مەيلى چوڭ، مەيلى ئاددىي قانداقلا بىر ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە شۇ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ئېيتىش ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر».[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەرىپىدىن ئاتا - ئېھسانغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم - شۈكۈر قىلغان ۋە ئۇنى تەرك ئەتكەن ئادەم - نېمەتكە كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ».[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ شۈكۈر قىلىدىغان كىشى كىشىلەرنىڭ ئېھسانىغا رەھمەت ئېيتىدىغان كىشىدۇر» يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىشىلەردىن كەلگەن

---

(1) تەبەرانى رىۋايىتى

(2) تىرمىزى رىۋايىتى

ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر»[1] دەپ كەلگەن.

## ۋاپادارلىقنىڭ دائىرىسى كەڭدۇر

ۋاپادارلىق دېگەن بۇ ماۋزۇ ئىنتايىن چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋەتەننىڭ غېمىنى يېيىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن ئىزدىشىپ تۇرۇش، يوقسۇللارنىڭ هالىغا يېتىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى بېقىش، جورىسىغا سادىق بولۇش قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

## ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەستە تۇتۇشمۇ ۋاپادارلىقتۇر

بىر ئادەمنىڭ هازىر ۋە كەلگۈسىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇشمۇ ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: ئىلگىرى نامرات بولۇپ هازىر ئاللاھ بايلىق بەرگەن بولسا، ئىلگىرى كېسەلچان بولۇپ، هازىر ساقلىققا ئېرىشكەن بولسا، خۇددى هېچقاچان نامرات بولمىغاندەك، ئاغرىپ يېتىپ باقمىغاندەك مەغرۇرلىنىشى، نامراتلارنىڭ ۋە كېسەلچانلارنىڭ هالىغا يەتمەستىن ئۆزىنىلا ئويلاپ ياشىشى تولىمۇ قوپاللىق ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇقتۇر.

---

(1) ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى

## پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋاپادار بولۇش لازىم

ۋاپادارلىق ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ دىنى، ئىرقى ۋە رەڭگى ۋە يۇرتىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىگە باراۋەر بولۇشى لازىم. چۈنكى پەزىلەت بۆلۈنمەيدىغان بىر پۈتۈن نەرسىدۇر. شۇڭا، بەزى كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇپ، يەنە بەزىسىگە رەزىل ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇش توغرا ئەمەس. قىلىنغان ۋەدە، تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداقلا كىشى بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شەرتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك ئادەم ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رەڭگى، دىنى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك ئايرىم مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بەلكى ھەممىگە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كىمگە قىلىنسۇن، ئۇ ھامان ياخشىلىقتۇر. شۇنداقلا يامانلىق كىمگە قىلىنسۇن، ئۇ ھامان يامانلىقتۇر. ئىنسانلار ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگىدۇر. شۇڭا، مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلىدە ئادىل بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىش ياكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش توغرا ئەمەس.

ۋاپادارلىق دېگەن ماۋزۇ ئىنتايىن چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋەتەننىڭ غېمىنى يېيىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئىزدىشىپ

تـۇرۇش، يوقسـۇللارنىڭ ھالىغا يېتىــش، يېتىملارنىــڭ بېشــىنى سىلاش، پەرزەنتلەرنــى ياخشــى بېقىــش، جورىســغا سـادىق بولـۇش قاتارلىقلارنىــڭ ھەممىســى ۋاپادارلىقنىــڭ جۈملىســىدىن سـانىلىدۇ.

## ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈلگىسى

پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ســاھابىلىرىگە ئىســرائىل ئەۋلادىدىــن بىــر ئادەمنىــڭ قىسسىســىنى سـۆزلەپ بېرىــپ مۇنــداق دېگــەن: «ئىســرائىل ئەۋلادىدىــن بىــر كىشــى دىنداشــلىرىدىن بولغــان بىراۋدىــن مىــڭ دىنــار قــەرز سـورايدۇ، قــەرز بەرگـۈچى ئۇنىڭدىـن گـۇۋاھچى تەلـەپ قىلغىنىــدا، ئـۇ ‹گـۇۋاھچىلىققا ئاللاھ تائالا يېتەرلىــك› دەيــدۇ، ئـۇ كاپالــەت تەلــەپ قىلغىنىــدا، ‹كاپالــەت بېرىشــكە ئاللاھ تائــالا يېتەرلىــك› دەيــدۇ. قــەرز بەرگـۈچى ئۇنىڭغــا ‹راســت ئېيتتىــڭ› دەيــدۇ ـ دە، مەلـۇم مۇددەتلىـك قـەرز ھېسـابىدا مىـڭ دىنارنـى ئۇنىڭغا بېرىــدۇ. قــەرز ئالغـۇچى پۇلنــى ئېلىــپ دېڭىزنىــڭ ئـۇ قېتىغا كېتىــدۇ ۋە ئېھتىياجلىرىنــى ھــەل قىلىــدۇ. ئاندىــن قەرزنــى بەلگىلەنگــەن ۋاقتىــدا ئېگىســىگە تاپشــۇرۇپ بېرىــش ئۈچــۈن ئۇنىــڭ يېنىغــا بېرىشــقا بىــرەر كېمــە ياكــى قېيىــق ئىــزدەپ يــۈرۈپ قەتئىــي تاپالمايــدۇ، كــۆپ بــاش قاتــۇرۇپ ئاخىــرى بىــر چــوڭ ياغاچنىــڭ ئوتتۇرىســىنى ئويــۇپ ئامانــەت بىلــەن خەتنــى ئۇنىــڭ ئىچىگــە ســالىدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالاغــا ســىغىنىپ: ‹ئــى ئاللاھ! پالانىدىــن ۋاقىتلىــق مىــڭ دىنــار قــەرز ئالغانلىقىمنــى ســەن

بىلسەن، ئۇ مەندىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلغىنىدا سېنى گۇۋاھچى قىلسام قوبۇل قىلغان ئىدى، كاپالەت تەلەپ قىلغىنىدا سېنى كېپىل قىلسام ئۇنىڭغا رازى بولغان ئىدى، مەن بىرەر كېمە تېپىپ ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە تىرىشقان بولساممۇ ئۇنىڭغا چامىم يەتمىدى. بۇ ئامانەتنى ساڭا تاپشۇردۇم› دەپ دۇئا قىلىپ، ھېلىقى ياغاچنى دېڭىزغا قويۇپ بېرىدۇ. قەرز بەرگۈچى قەرزنىڭ ۋاقتى توشقانلىقى ئۈچۈن قەرزدارنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كۈتۈپ دېڭىز بويىغا چىققان ئىدى. ئۇ دېڭىزدا ئېقىپ كەلگەن ياغاچنى كۆرۈپ، ئۇنى ئوتۇن قىلىپ بالىلىرىنى ئىسسىندۇرۇش نىيىتى بىلەن ئۇ ياغاچنى سۇزۇپ ئېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ياغاچنى يارغىنىدا مىڭ دىنار ئامانەت بىلەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئارىدا قەرزدارمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ يەنە مىڭ دىنار ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزۈر ئېيتىپ: ‹مەن ئامانەتنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش ئۈچۈن كېمە ئىزدىگەن بولساممۇ، مۇشۇ كېمىدىن بۇرۇنراق كېلىدىغان بىرەرسىنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم› دەيدۇ، قەرز بەرگۈچى: ‹سىز ماڭا بىرەر نەرسە ئەۋەتكەنمىدىڭىز› دەپ سورايدۇ، قەرزدار: ‹مەن سىزگە دەۋاتىمەنغۇ مۇشۇ كېمىدىن بۇرۇنراق كېلىدىغان بىرەر كېمە تاپالمىدىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، قەرزدار: ‹سىز ياغاچ بىلەن ئەۋەتكەن ئامانەتنى ئاللاھ تائالا سىز ئۈچۈن ئادا قىلدى، سىز ئەمدى مىڭ دىنارىڭىزنى ئېلىپ قايتىپ كېتىڭ› دەيدۇ»[1].

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## ۋاپادارلىق ئۆلگىلىرى

بىر كۈنى ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر مەجلىستە ئىدى. ئىككى ياش يىگىت بىر ئادەمنى تۇتۇپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۆمەر ئۇلاردىن سورايدۇ: بۇ نېمە ئىش؟

ئۇلار جاۋاب بېرىپ: بۇ ئادەم ئاتىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەيدۇ.

ئۆمەر ئادەمدىن سورايدۇ: بۇ راستمۇ؟

ئادەم جاۋاب بېرىدۇ: ھەئە شۇنداق.

ـ قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟

ـ تۆگىسى بىلەن مېنىڭ زېمىنىمغا كىرىۋىدى، توسسام قايتمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تاشنى ئېتىۋىدىم، بېشىغا تېگىپ ئۆلدى.

ـ ئۇنداقتا، ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ ھەزرىتى ئۆمەر ئادەمنىڭ ئېتىراپىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ كىم ۋە قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ سورىمايلا ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈمىنى بىلدۈردى.

ـ ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرگە يېلىنىپ تۇرۇپ دەيدۇ: ئى ئەمىرۇل مۆئمىنىن! ئاسمان ـ زېمىننى تۇرغۇزغان ئۇلۇغ زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بەرسىڭىزكەن،

مەن يېزامغا بېرىپ ئايالىم ۋە باللىرىمغا بىلەن رازىلىشىۋالسام. ئائىلەمنى ئاللاھ، ئاندىن مەندىن باشقا باقىدىغان ھېچكىم يوق.

- سېنىڭ ھازىر كېتىپ قايتا كېلىشىڭگە كىم كېپىللىق قىلالايدۇ؟ - دەپ سورايدۇ ھەزرىتى ئۆمەر.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۈكۈتتا چۆككە بولۇپ، ھېچكىم بىر نەرسە دېمەيتتى. چۈنكى ھېچكىم بۇ ئادەمنى تونۇمايتتى، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئون - يىگىرمە دىرھەم پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇ جان مەسىلىسى ئىدى. جان كېتىدىغان بىر ئىشقا ھېچكىم ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولۇشنى خالىمايتتى.

ئادەمنىڭ ھالى ھەقىقەتەن ئېچ ئاغرىتىشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئۇششاق نارىسىدىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەر ئىشى بۇ ئادەمنىڭ زىممىسىدە ئىدى. بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئۆيدە قالغان چارىسىز نارىسىدىلىرىنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپتە قالاتتى، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈم كېتەتتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېچ ئاغرىتىشقا ۋە ھېسداشلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە كىم ئارىلىشالىسۇن؟ كىممۇ ئۇنى ئۆلۈمدىن سوراپ قالالىسۇن؟ كىممۇ بۇ توغرىدا ئۆمەرگە ئېغىز ئاچالىسۇن؟

چۈنكى ھەممە بىلىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى، خۇسۇسەن قىساس قانۇنى باي - كەمبەغەل، رەئىس - پۇقرا، ئابرويلۇق - ئابرويسىز دەپ ئايرىمايدۇ. قىساستا شاپائەتمۇ قىلىنمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش قىساس ئالغۇچىلارنىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن خىيانەت. ساھابىلار بۇلارنىڭ ھەممىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن قاتتىق باش قاتۇرىدۇ ۋە سۈكۈت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ھەيرانلىقتا قالىدۇ.

ئاندىن ئۆمەر ھېلىقى ئىككى ياشقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سورايدۇ: بۇ ئادەمنى كەچۈرەمسىلەر؟

- ياق، چۈنكى بۇ ئاتىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنى بىز كەچۈرمەيمىز، ئاتىمىزنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىمىز - دەيدۇ ياشلار.

ئۆمەر كۆپچىلىككە قاراپ شۇنداق سورايدۇ: بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى بىلەن رازىلىشىپ كېلىۋېلىشى ئۈچۈن كىم كېپىل بولىدۇ؟

ساھابىلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەلۇمكى، ئەبۇ زەر ساھابىلارنىڭ ياشتا چوڭلىرىدىن بولۇپ، تەقۋالىقى ۋە راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان ساھابە ئىدى. ئۇنىڭ «مەن كېپىل بولىمەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەزرىتى ئۆمەرنى ھەيرانلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

- بۇ ئۆلۈم ئىشى - دەيدۇ ئۆمەر ئەبۇزەرگە قاراپ.

- مەيلى قاتىل بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا كېيىل بولىمەن - دەيدۇ.

- سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ - دەپ سورايدۇ ئۆمەر ئەبۇزەردىن.

- تونۇمايمەن.

- ئۇنداقتا قانداق كېپىل بولىسەن تونۇمىغان بىر ئادەمگە؟

بۇ ئادەمدە ھەقىقىي مۇسۇلمانغا خاس بىر يۈزنى كۆردۈم - دە، ئۇنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئۇ ئاللاھ خالىسا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

- ئى ئەبۇزەر شۇنى بىلگىنكى، بۇ ئادەمنى سېنىڭ كاپالىتىڭدە مەن قويۇپ بېرىمەن. ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە كەلمىسە، سەن بېشىڭ بىلەن جاۋابكارسەن.

- ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بۇ ئىشقا ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن.

ئادەم كېتىپ قالىدۇ. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن بولۇپ، ئادەم ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىدىن قىساس ئېلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلىنىپ كەلمەكچى ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنە شەھرىدە، پۈتۈن خەلقنى چاقىرتىپ تەييارلىنىدۇ. ئاتىسىنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىشقان ھېلىقى ئىككى ياشمۇ كېلىپ بولىدۇ. ۋاقىت ئەبۇزەر ئۈچۈن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ھە دېگۈچە ئۈچىنچى كۈننىڭ نامىز ئەسىر ۋاقتى كىرىپ قالغان ئىدى. ئۆمەر ئەبۇزەرگە قاراپ پات - پات سوراپ قوياتتى: قېنى ئۇ ئادەم كەلمەيۋاتىدىغۇ؟

ـ ئاللاھ خالىسا چوقۇم كېلىدۇ، ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن!

ئەبۇزەر ئاسمانغا كۆپرەك قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ، كۈن ناھايىتى تېزلىكتە مەغرىب تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ساھابىلار سۈكۈت ئىچىدە كۈتەتتى. چۈنكى ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىر ئاللاھقىلا ئايان ئىدى.

توغرا، ئەبۇزەرنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنى چوڭ ئىدى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى ئۆزىدىن بىر پارچە دەپ بىلەتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشتا جازالانغۇچى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۈز ـ خاتىرە قىلىنمايدۇ.

كۈن پاتقىلى ئاز قالغاندا، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ھېلىقى ئادەم يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابىلار ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ تەكبىر ئېيتىشىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە خۇشاللىقىنى باسالماي ئادەمگە دەيدۇ: سەن يېزاڭدىن قايتمىغان بولساڭ، سېنىڭ بار يېرىڭنى بىلمىسەك بىز سېنى نەدىن تاپار ئىدۇق؟

ـ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! دەپ سۆزگە باشلايدۇ ھېلىقى ئادەم ـ مانا مەن پەرزەنتلىرىمنى سۇسىز، دەل ـ دەرەخسىز چۆلدە خۇددى قۇشنىڭ باللىرىدەك تاشلاپ قويۇپ، ئۆلۈمگە ھازىر بولۇپ كەلدىم. چۈنكى مەن، ئىنسانلاردا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇم.

ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇزەردىن سورايدۇ: سەن نېمىشقا ئۆزەڭ تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە كېپىل بولدۇڭ؟

ـ چۈنكى مەن، ئىنسانلاردا ياخشىلىق تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇم ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ـ دەيدۇ ئەبۇزەر.

ھەزرىتى ئۆمەر قىساس تەلەپ قىلىۋاتقان ئىككى ياشقا قاراپ سورايدۇ: نېمە دەيسىلەر؟

ـ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بىز بۇ ئادەمنى كەچۈرۈۋەتتۇق. چۈنكى بىز، ئىنسانلاردا كەچۈرۈم قىلىش تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇق ـ دەيدۇ ئىككى ياش كۆز يېشى قىلغان ھالدا.

بۇ مەنزىرىگە شاھىد بولغان ھەزرىتى ئۆمەر ھاياجاندىن يىغلاپ كېتىدۇ ۋە كۆزياشلىرى ئۇنىڭ ساقىلىنى ھۆل قىلىۋاتىدۇ.

قاتىل بولسىمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئاتىسىنىڭ قاتىلىنى كەچۈرۈۋەتكەن ئىككى ياشقا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئۆزى تونىمايدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان ئەبۇزەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئادالىتى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى ئۆمەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!